# مۇنبەر

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

3

2001



新疆社科论坛

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

# ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەفكارى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال 2001 ـ يىل 3 ـ سان ئۇمۇمىي 51.سان

بۇ ساندا

يېڭى ئەسىر، پەن ۋە تورمۇش ............................ ژۇرنىلىمىزنىڭ ئوبزورچىسى 1

سىياسىي ، نەزەرىيە

ش ئۇ ئا ر ئى پ س ب 3 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق ............................ئىسمايىل تىلىۋالدى 2

پەلسەپە ، ئىقتىساد

بىر تەرەپلىمىلىك ئىنسان تەبىئىتىنىڭ چوڭ توسالغۇسى ............................مامۇد نۇر 11
ھالقىش ئېڭى ۋە غالىبلىق مارشى............................ مۇختارجان ئابدۇرەھمان 13
نامراتلىق پاجىئەنىڭ مەنبەسى ............................ ھۇسەيىن ئاۋۇت 16

ئالىم ، تەلىمات

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كاتولوگى............................ ئابدۇكېرىم رەھمان 18
مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ھاياتى ............................ م .شاكىر ئۈلكۈتاشىر 25

مائارىپ ، مەدەنىيەت

ستۇدېنتلىرىمىز ............................مۇتەللىپ مۇھەممەدئىمىن 31

كلاسسىك ئەسەر ، كلاسسىك مۇزىكا

ھايات ساۋاقلىرى ............................ئىبراھىم ھەققۇلوۋ 33
ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىق سۆھبەت............................ غەيرەتجان ئوسمان 44

تارىخ ، ئارخېئولوگىيە

شىمالىي شىنجاڭدىكى تاش ھەيكەللەر ............................ ئىسمايىل جەلىل 49
ن . ف . پېتروۋسكىي دىپلومات ۋە ئۇيغۇرشۇناس............................ غ . ئىسھاقوۋ 52
تەتقىقات ئۇچۇرلىرى............................قۇربان سوپى تەرمە قىلدى 53

تىل ـ يېزىق، نەشرىيات ـ ئاخبارات

ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆزگەرتىش راستىنلا «دەۋرنىڭ تەرەققىياتىمۇ؟» ............................ مۇھەممەدتۇرسۇن ئىبراھىم 56

مۇئاۋىن باش تەھرىر : ئىسلامجان شېرىپ (ئالىي مۇھەررىر)
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسلامجان شېرىپ، مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

# يېڭى ئەسىر، پەن ۋە تۇرمۇش

يېڭى ئەسىردە بىز يېڭى تاللاشقا دۇچ كېلىمىز، تاللاش — ئىنسان بەختىگە كېپىل بولغۇچى ئۇلۇغ كۈچ. تۇرغۇن كىشىلەر پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ، بەختىم كاج بولۇپ قالدى، دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ياخشى تاللاش ئېلىپ بارالمىغان. چۈنكى، ياشاشنىڭ مەنىسى — ئۆز تەقدىرىنى ياخشىلايدىغان بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى تاللاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شۇ نۇقتىغا قاراپ ئىلگىرىلەش دېمەكتۇر. بىر ئادەم كۆڭلىدە بىر نىشاننى تاللاپ تۇرغۇزالمىغان ئىكەن، ئۇنىڭ دىلىنى قايغۇ، ۋەھىمە، بىزارلىق، بىچارىلىققا ئوخشاش كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان كەيپىياتلار قاپلىۋېلىپ، ئۇنى روھى، جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلىتىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆڭۈلسىزلىك، سەۋەنلىك، مەغلۇبىيەت ھەتتا بەختسىزلىككە يۈزلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا، تاللاش ئادەم ئۈچۈن روھىي دورا. تاللاش مەنىۋى غايە بولۇشىمۇ، جاھانسازلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ ھەر كىمنىڭ قانچىلىك تەربىيە كۆرگەنلىكى، ئەمەلىيەتتە چېنىققانلىقىغا باغلىق. لېكىن، ئۇ جەزمەن تاللىغان نىشانىغا ئۆزىنى بېغىشلىشى، ئۇ نىشانغا يېتىپ بېرىشنى يۈكسەك بۇرچ دەپ قاراپ، ئۇ تاللاشنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك. مانا شۇ چاغدا ئۇ ئادەم يېڭى بىر كۈچ بۇلىقىغا ئىگە بولىدۇ. ئەڭ ئۇلۇغ ئادەملەر ئەنە شۇنداق نىشانى ئېنىق، زېھنىنى بىر ئىشقا يىغىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن شۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن . . . گويا ئالتۇن قازىنىدىغان كاننىڭ ئېغىزىنى تېپىۋالغاندەك شۇ يەرنى تىنىش ئۈچۈن تاكى ئۆز ئارزۇسىغا يەتمىگۈچە توختىماستىن تىرىكىشىدىغان ئادەملەردۇر. دېمەك، ئۇلۇغ زاتلار ئۈچۈنمۇ تاللاشتىن باشقا يول يوق. چۈنكى تاللاشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كۈچ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ. ئۆز ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان قابىلىيەتلەرنى بايقاپ، ئۇنى تاللانغان شۇ نۇقتا ئۈچۈن ئىشقا سالمىغۇچە، ھەرقانداق ئادەم پەقىرلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا ھەممىمىز زامان رىقابەتلىرىنىڭ بەرپاچىلىق مەركىزىدە تۇرۇپ، ئىستىقبالىمىز ئۈچۈن تاللاش ئېلىپ بارايلى! مەن نېمىگە بارايمەن؟ قانداق قابىلىيەتلەرنى تەييارلىدىم؟ قايسى كەسىپتە ئۆتۈپ چىقىشقا چامىم يېتىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆزىمىزگە قويايلى! ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن پەقىرلەرنىڭ پەرقى — تاللاشنى توغرا ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنى ئۆتۈپ چىقىدىغان ئادەتلەرگە كۆندۈرۈش ۋە كۆندۈرەلمەسلىك پەرقىدۇر. سەن پەقىرلىقتىن ئۇلۇغ ئادەمگە ئايلانماقچىمۇ؟ ئۆزۈڭنى دەڭسە، توغرا تاللاش ئېلىپ بار، ھەمدە تاللاشنى ئۇتۇققا ئېرىشتۈرىدىغان يېڭى ئادەتلەرنى ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇش تەرتىپى قىل! مەسىلەن: بىلىم دەرياسىدا ۋىجدان بىلەن ئۈزۈش — ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخىغا مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىلارنىڭ ئىشى. يازغۇچى كۆز ئالدىدىكى شۆھرەتكە بېرىلىپ، مىللىي ئىستىقبال ھەققىدە دۇنياۋى سېلىشتۇرما ئارقىلىق تاللاشقا ئىگە بولالمىسا، ئۇنىڭ كىتاب يازغىنىدىن، ئالدى بىلەن ئۆزىنى جانلىق بىر كىتابقا ئايلاندۇرىدىغان تاللاشقا ئۆتكىنى ياخشىراق. چۈنكى، ئۇ تاللاش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۈلگىلىك ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ چىقالىسا، ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنى كىتابتىن ياخشىراق تەربىيىلەيدۇ. بۇنداق ئۈلگىلىك ئادەم بولۇش ۋە تاللاش ھەممە كەسىپتە ئاقىدىغۇ؟ ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى بىر يەڭدىن باش چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈك ۋە ئاجىزلىقلىرىغا ئوبيېكتىپ قاراپ، چامى يەتكەندە ئۆز كەسپى بويىچە بۇرۇلۇپ ئۆتىدىغان، چامى يەتمىسە ئۆزىنى ئۈلگىلىك ئادەمگە ئايلاندۇرىدىغان تاللاش ئېلىپ بارسا، پوپۇزا قىلىدىغان ھاكاۋۇرلارنىڭ كەينىدىن ئۈركۈپ كەتمەي ئىلگىرىلەۋەرسە، ئۇلارنىڭ ئۈلگىلىك ھەرىكىتى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگە بولىدىغان مەكتەپ بولمامدۇ؟

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى 3 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

## ئىسمائىل تىلىۋالدى

(2001 ـ يىل 14 ـ مارت)

ئىلاۋە :

بىز تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيى 2001 ـ يىل 13 ـ مارتتىن 15 ـ مارتقىچە ئۈرۈمچى كۈنلۈن مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى . قۇرۇلتاي قىزغىن ، تەرتىپلىك ، ئىلمىي كەيپىيات بىلەن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى . بۇ ئىلىم ساھەسىدىكى كاتتا يىغىلىش ۋە ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە پارتىيىنىڭ چاقىرىقلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ئۆتكۈزگەن كېڭەش بولۇپ ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا غايەت زور تەسىر قوزغايدۇ .

قۇرۇلتايدا ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىنىڭ پېشۋاسى فېڭ داجېن سۆز ئالدى ، ئاندىن پارتگورۇپپىنىڭ سابىق سېكرېتارى ۋە بىرلەشمىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش جاۋجېمىن خىزمەت دوكلاتى بەردى . ۋەكىللەر بۇ خىزمەت دوكلاتىغا قاراپ چىققاندىن كېيىن ، بىرلەشمىمىزنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۇنى ماقۇللىدى . بىرلەشمىمىزنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىدىن ئىبارەت رەھبەرلىك ئورگىنىنى سايلاپ چىقتى . ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن دائىمىي ھەيئەتلەر : ۋۇدۇڭفۇ ، ياڭ نەيچۇ ، نۇربېك ئابىكەن ئوغلى (قازاق) ، گې جىشىن ، بەختىيار سايىتوف (ئۇيغۇر) ، توختى روزى (ئۇيغۇر) ، ۋۇفۇخۇەن ، شاۋچۈن ، جاقىپ مىرزاقان (قازاق) ، فەن رېنيۈەن ، ۋاڭ شۈەنكۈن ، چېن زېيۇ ، غوپۇر ئىسمائىل (ئۇيغۇر) ، تاڭ يىگەي ، جىن گويۇ ، ئابدۇرەشىد نىياز (ئۇيغۇر) ، لۈزۇڭشىي ، لى جۈەن (ئاپال) ، ئىدرىس (ئۇيغۇر) ، ۋەن بېي (موڭغۇل) ، ۋاڭ شىنخىلاردىن ئىبارەت 24 كىشى بولۇپ ، بۇلاردىن يولداش ۋۇدۇڭفۇ رەئىسلىككە سايلاندى . ياڭ نەيچۇ ، نۇربېك ئابىكەن ئوغلى (قازاق) ، گې جىشىن ، بەختىيار سايىتوف (ئۇيغۇر) قاتارلىق 4 كىشى خاس مۇئاۋىن رەئىسلىككە ، توختى روزى (ئۇيغۇر) ، ۋۇفۇخۇەن ، شاۋ چۈن ، جاقىپ مىرزاقان (قازاق) ، فەن رېنيۈەن قاتارلىق 5 كىشى قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى . يولداش ۋاڭ شىنخى باش كاتىپلىققا تەيىنلەندى . قۇرۇلتايدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئىسمائىل تىلىۋالدى بىلەن دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋۇ دۇڭفۇ مۇھىم سۆز قىلدى . ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر تەبرىك سۆزى سۆزلىدى . بىز بۇ قۇرۇلتايدا ئورۇندالغان مەزمۇنلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزگە بولغان يېتەكچىلىك رولىنى قەدىرلەپ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەم خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبەرلەرنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى ئېلان قىلىمىز . بىرلەشمىمىزگە قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەت ، جەمئىيەت ۋە تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى ئەزالىرىمىز ھەم بارلىق ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىمىزنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ھەم تەشۋىقات ئىشلىرىغا تەدبىقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

---

ۋەكىللەر ، يولداشلار :

بۈگۈن ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى 3 ـ قۇرۇلتىيى تەنتەنە-

لىنىڭ ئېچىلدى، بۇ يېڭى ئەسىردە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ كاتتا يىغىنى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن قۇرۇلتاينىڭ چاقىرىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر، يولداشلاردىن ھەمدە سىلەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن ھەمدە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىمۇ باشتىن - ئاخىر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى 2 - قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلغىنىغا 9 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولدى، بۇ بىر قانچە يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇملۇقىنى چۆرىدەپ، يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن بەرپا قىلىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى، جەمئىيەتلىرى، تەتقىقات جەمئىيەتلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش، تالانتلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىجتىمائىي پەن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، مەسلىھەت بېرىش جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

ئىنسانىيەت 21 - ئەسىرگە قەدەم قويدى. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىمۇ يېڭى، مۇھىم تارىخىي مەزگىلگە كىردى. شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتە ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. قانداق قىلىپ ئاپتونوم رايون پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم خىزمەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر بىر ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىسىنىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي مەسئۇلىيەت. شۇڭا، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتى ھەققىدە بىر قانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**1. ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش كېرەك**

«پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»، بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي يەكۈنى بولۇپ، بۇنىڭدىكى پەن تەبىئىي پەن بىلەن ئىجتىمائىي پەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى پەن بىر - بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان. ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەبىئىي پەن تەتقىقاتىدىكى ئۇلۇغ تەرەققىياتلار كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئىجتىمائىي پەننىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ بىلىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەننىڭ ئورنى ۋە رولىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

**بىرىنچى، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش دەۋرنىڭ تەلىپى.**

ھازىرقى دۇنيادا، بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بېرى، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلدى. دۇنيا پەن - تېخنىكىسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى، زور بۆسۈشلەر بولۇۋاتىدۇ ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن ھاياتلىق ئىلمى ۋەكىللىكىدىكى زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ، كۈنسايىن يېڭىلىنىپ، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى تېز، تەسىرى چوڭقۇر بولۇپ، بۇنى ئىنسانلار تارىخىدىكى ھەر قانداق دەۋر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى يېڭى تارىخىي خاراكتېرلىك زور تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كېلىپ، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى غايەت زور يۈكسىلىش تۈرتكىلىك كۈچىگە ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ھاسىل بولغان ئىجتىمائىي كۈچ بىر تەرەپتىن، پۈتۈن جەمئىيەتكە غايەت زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئىسلاھات تېخىمۇ مۇرەككەپ، مۈشكۈل بولغان قورغانغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىردى. بۇنىڭ ئۈچۈن پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ، دۆلەت ئىچى، سىرتىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا يېڭى ھۆكۈم چىقىرىشى ۋە يېڭى جاۋاب بېرىشىگە، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى نەزەرىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر ۋە يېڭى ئۇسۇللارنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، پىكىر يولىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئېتىقادىمىزنى چىڭىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**ئىككىنچى، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى.**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولغان، ئىقتىساد گۈللەنگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت تىنچ بولغان، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. لېكىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» تاكتىكىسى ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، ئۇلار مەملىكىتىمىزنى «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» سۇيىقەستىنى تېزلەتتى، ھەدەپ سىياسىي جەھەتتە چەك قويۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە كەمسىتىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە سىڭىپ كىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى، ئۇلار كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، مىللەت، دىن مەسىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىزگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، شىنجاڭ بولسا ئۇلارنىڭ مۇشۇ سۇيىقەستىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم بۆسۈش ئېغىزى بولۇپ قالدى. غەرب دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ قوشكۇرتۇشى ئارقىسىدا، چېگرا ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر «مىللەت»، «دىن» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بىزگە قارىتا ھۇجۇمىنى كۈچەيتتى. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق خەۋپ. بىز بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈچ سىنىششىلا بولۇپ قالماستىن، بىر مەيدان كەسكىن سىياسىي كۈرەش. يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش سۇيىقەستىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ داۋامى. بۇ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن سېپىدىكىلەردىن روشەن پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى، يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە ئۇنىڭغا چىققان ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرنىڭ كادىرلار، ئاممىغا قاراتقان چىرىتىشى ۋە زەھەرىنى ئۈزۈل - كېسەل تازىلاش ۋە تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئۈچىنچى، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش**

**غەربىي رايوننى ۋە شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى،** ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش يېڭى دەۋردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن زور ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېن، ئالدىمىزغا قويۇلغان مەركىزىي ۋەزىپە. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىككى ئومۇملۇق» ئىدىيىسىگە ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرىدىغان، ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىدىغان زور تەدبىر، بۇ شىنجاڭغا تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم. ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى - تۆۋەن ئورۇنلار مەركىزىي كومىتېت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ، ھەمدە يېڭى كەيپىيات بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۇلۇغ ھەم مۇشكۈل سىستېما قۇرۇلۇشى، بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ، پۈتكۈل جەرياندا پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ، بىر تەرەپتىن، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئەقلىي مەدەت ۋە نەزەرىيىۋى مەدەت بېرىش ھەمدە ئۇنىڭغا ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى بىلىملەرنى بەرپا قىلىپ، بىلىم تارقىتىپ، بىلىمنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك، بۇ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسى ئۆز ئورنىنى توغرا تاپالايدۇ، ئۆزىنى ھەقىقىي تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ ۋە گۈللەندۈرەلەيدۇ.

**2. ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇملۇقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك.**

پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەنلىكىمىز ئەمەلىيەتتە پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ زورلۇقىنى تەكىتلىگەنلىكىمىز. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مەيلى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش ياكى ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، قاراشنى ئۆزگەرتىشتە بولسۇن ۋە مەيلى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ياكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئومۇملۇقنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا بولسۇن، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۆتمۈشنى ئەينەك قىلىپ كەلگۈسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ۋە كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى چوقۇم ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپە ۋە بۇرچنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئەھۋالنى كۆزىتىپ ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىشى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ۋە بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭ دۇچ كېلىۋاتقان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، توغرا ئىگىلەپ ۋە ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ يۈكسەك تارىخىي بۇرچى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى ۋە ئىسپاتلاۋاتىدۇكى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتى ئاڭلىق ھالدا ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىجاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى، ئاپتونوم رايوننىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىشنى ئۆزىنىڭ نىشانى، ئىلىم - پەن ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى ئۆزىنىڭ ئىستىكى قىلغاندىلا، ئاندىن نى - نى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ ھەمدە ئۆز قىممىتىنى، نەزەرىيە كۈچىنى ۋە تارىخىي ئورنىنى نامايان قىلالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەش لازىم.

**بىرىنچىدىن، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك.**

يېتەكچى ئىدىيىنى بىر مەنبەلەشتۈرۈش ۋە كۆپ خىل ئىدىيە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مەسىلىسىنى توغرا تونۇش ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا

قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان، يۈنىلىش مەسىلىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە زور مەسىلە. ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يىلتىزى، ئۇ ئېلىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ خاراكتېرىنى، يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدە ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. ماركسىزمنى تەتبىقلاپ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا، پەن ـ تەتقىقات خىزمەتچىلىرى ئىلمىي نەزەرىيىلەرنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم ئىدىيىسىنى ۋە بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىل، چوڭقۇر، ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرۇشى كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن: «بەرپاچىلىق مىللەتنىڭ جېنى»، «ئىلمىي روھنىڭ جەۋھىرى ئەمەلىيەتچىل بولۇش» دەپ كۆرسەتتى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى يېڭى ۋەزىيەتتە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرغانلىق، ئۇنى تەتبىقلىغانلىق، بېيىتقانلىق ۋە چوڭقۇرلاشتۇرغانلىق. پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى مۇھاكىمە قىلىش، شەرھلەش ۋە تەشۋىق قىلىشنى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش، پائال تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش جەھەتلەردە ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا دائىر تەتقىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك.

پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە پەن ـ تېخنىكىدا بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىشمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ توپ ۋەزىپىسى. يېڭى ئەسىردىن باشلاپ، ئېلىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدىن ئون يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم مەزگىل، شۇنداقلا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش ۋە كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم مەزگىل. ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەن ـ تېخنىكىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىدىكى زور تۈرتكىلىك كۈچكە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يېڭى ئەسىردىكى نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. شۇڭا، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىمىزنى مەركەز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى، ئۆزگىچە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىق ئومۇملۇقىنى چۆرىدەپ، بايراق روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىڭىپ كىرىشكە، ئافىدۇرمىچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ پولات سېپىلىنى ھەقىقىي بەرپا قىلىش كېرەك؛ مىللەت، دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەتبىقلاش تەتقىقاتى ۋە تەدبىر تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، نەزەرىيىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ۋە خەلقئارا مۇھىت توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەپ، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتىكى «ئاقىللار ئۆمىكى» ۋە «پىكىر خەزىنىسى» لىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

**ئۈچىنچىدىن، چوڭ - چوڭ رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلىش بىلەن بىرگە، تارىخ تەتقىقاتىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.**

شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخى جۈملىدىن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە توغرا تەشۋىق قىلىپ، تارىخنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. نەزەرىيە ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولغان سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئىلىم - پەن قۇرۇلۇشىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي تەتقىقات، تەتبىقلاش تەتقىقاتى، تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتىنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتكۈل پەن تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ سىجىل يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش كېرەك. پەن تەتقىقاتى خىزمىتىنى مەركەز قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، پەن تەتقىقاتى خىزمىتى سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. پەن تەتقىقاتى خادىملىرىنى پەن، كەسىپ ھالقىپ بىرلىشىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىلىم قۇرۇلمىسىنى سەرخىل بىرىكتۈرۈش ۋە پەن تەتقىقاتى بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەش كېرەك. پائال ئىزدىنىش، دادىل يېڭىلىق يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، تۆۋەن سەۋىيىلىك تەكرارلىنىشتىن ساقلىنىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يۈنىلىشى توغرا، قىممىتى ۋە تەسىرى بار تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ مەيدانغا چىقىرىش كېرەك.

**تۆتىنچىدىن، ئىجتىمائىي پەنلەرنى تەتبىقلاش، نەزەرىيە ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردە پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.**

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى بەلگىلىشىنى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىنىڭ ئەقلىي ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن قوللىشىغا توغرا كېلىدۇ. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىرقاتار قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىگە كەلسەك، نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە تەشۋىق - تەربىيە ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بەزى چوڭ - چوڭ پرىنسىپال مەسىلىلەردىكى نەزەرىيە ۋە سىياسىي ھەق - ناھەق چەك - چېگرىسىنى ئايرىۋېلىشىغا، گۇمانلارنى يېشىپ، ئىدىيىۋى، سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە يېتەكلەشكە توغرا كېلىدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرى، مەسىلەن: زامانىۋى ئىقتىساد بىلىملىرى، زامانىۋى باشقۇرۇش بىلىملىرى، قانۇن بىلىملىرى ھەمدە ماركسىزملىق تارىخ قارىشى، دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا جىددىي توغرا كېلىدۇ. روشەنكى، بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ يېڭى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە تۆھپە قوشۇشىغا باغلىق.

**3. روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.**

پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن سېپى پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيە خىزمىتىدىكى مۇھىم سەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىدىكى كەڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى پارتىيىمىزنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىدىكى مۇھىم كۈچ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ سەپ ۋە بۇ كۈچنىڭ مۇھىم رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ھەممەيلەننىڭ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىغا تېگىشلىك مەسىلە، بۇ ھەقتە بىر قانچە نۇقتىنى نۇقتىلىق تەكىتلەپ ئۆتىمەن:

بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇپ، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈزدە

مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى تۈپ تەدبىر. پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى دائىم مۇھاكىمە قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، شارائىتنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زۆرۈر ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە، خىزمەت جەھەتتە ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئىجتىمائىي پەن، نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىدىن كۆپرەك دوست تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىشى، ئۇلارنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشى كېرەك. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدە ھەقىقەتەن بەزى ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىق ۋە پايدىسىز ئامىللار مەۋجۇت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىلەرنى بىلىدۇ ھەمدە ئۇنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزچىل باش قاتۇرۇۋاتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى مۇھىم شەرت. يولداش جياڭ زېمىن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رولىنى كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىك رولى، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش رولى، مەسلىھەت بېرىش، مۇلازىمەت قىلىش رولى ۋە تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش رولى دەپ تۆت چوڭ نۇقتىغا يىغىنچاقلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىلمىي ئاممىۋى تەشكىلات، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئادەتتىكى ئىلمىي تەشكىلاتلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئوخشاشلا باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولغان ئاممىۋى تەشكىلات بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى، جەمئىيەتلىرى، تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدە مۇھىم تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئۈستىگە ئالغان. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ساھەلەر ئۇيۇشمىسى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قاتارلىق ۋاستىچى تەشكىلاتلارنىڭ رولى تەدرىجىي كۈچىيىپ بارىدۇ، شۇڭا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدەك بۇنداق ئاپپاراتلارنىڭ باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش رولىنى كۈچەيتمىسىكلا بولمىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ھەر خىل ئىلمىي جەمئىيەتلەر، جەمئىيەتلەر ناھايىتى تېز كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى باشقۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەر، جەمئىيەتلەر، تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرۇش ۋە ياخشى باشقۇرۇش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەننى گۈللەندۈرەيلى» دېگەن بېغىشلىمىسىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت تەلىپىگە ئاساسەن، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى خىزمىتى ۋە ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە داداللىق بىلەن ئىزدىنىپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ «تۆت چوڭ رولى» نى ھەقىقىي ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم.

ئۈچىنچىدىن، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بەنزە قۇرۇلۇشى ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى، جەمئىيەتلىرى، تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى

ئاچقۇچلۇق شەرت. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يادرولۇق روھىنى چوڭقۇر نەزەرىيىلەشتۈرۈپ، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنى باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تاپشۇرغان ئىجتىمائىي پەن خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنى تاماملايدىغان كۈچلۈك رەھبەرلىك كوللېكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم؛ سىياسىي ئاڭ، ئومۇمىيلىق ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭى، سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، مەسىلىلەرنى سىياسىي نۇقتىدىن، ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇپ، بەنزىنى مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشتىكى باشلامچى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم؛ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە زېھنىنى پەن تەتقىقاتى ئىشلىرىغا قارىتىپ، تۈپ مەقسەتنى ھەر ۋاقىت ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەممىدە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلغۇچى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم؛ كۈچلۈك كەسپچانلىققا ئىگە بولۇپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر قەدىمىگە يېتىشىپ مېڭىپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، نام-مەنپەئەتكە بېرىلمەي، خالىس تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت «بەش خىل روھ» نى باشلامچىلىق بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ھەمدە ئۇنىڭ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى چوڭ مەسىلە. «ئېچىلىش، سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك، كەڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ دادىللىق بىلەن ئىزدىنىشىگە پائال تۈردە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي كۆز قاراش ۋە ئېقىملار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، مۇھاكىمە قىلىش، بەس-مۇنازىرە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، يولداشلارچە، تولۇق داۋلى-رىجە سۆزلىگەن ئاساستا تەنقىد ۋە تەنقىدكە رەددىيە بېرىشنى قانات يايدۇرۇپ، سۆز قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، ھەقىقەتكە بويسۇنۇش، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇشتەك ئىلمىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. «ئېچىلىش، سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن «ئىلىم مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشتا چەكلەنگەن رايون يوق، سىياسىي نەزەرىيىلەر جۈملىدىن فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىشتا ئىنتىزام بولۇش كېرەك» دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئىلىم مەسىلىسى بىلەن سىياسىي مەسىلىلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىلىرىدە مۇھاكىمە قىلىشقا يول قويۇش ھەمدە پائال يېتەكلەش لازىم، سىياسىي يۆنىلىشكە مۇناسىۋەتلىك ۋە پرىنسىپال چوڭ مەسىلىلەردە بايراق روشەن بولۇش، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش لازىم. نەزەرىيە تەشۋىقاتى ۋە ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتچىلىقىدا چوقۇم ئىنتىزامغا، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياخشى ئىلىم ئىستىلى ۋە ئەدەبىيات ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ئىجتىمائىي پەن قوشۇنىنىڭ ئىدىيە ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

بەشىنچىدىن، بىر تۈركۈم ساپالىق ئىجتىمائىي پەن تالانتلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى ئاساسىي شەرت. بۈگۈنكى دۇنيا رىقابىتى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا تالانت رىقابىتىدۇر. ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشقان تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش - سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر مىللەت بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى تالانتلىرى ۋە ئىلىم يېتەكچىلىرىنى

يېتىشتۈرۈش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ناھايىتى تەخىرسىز ھەم زور ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسىپكە ماھىر، ئىستىلى دۇرۇس، ئىنتىزامدا چىڭ بولغان ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە خىزمىتى قوشۇنىنى قۇرۇشىمىز، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى، سىياسىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن مەزگىلدە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئاخىرلاشقاندا قىلغان بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت پەن تەتقىقاتى خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. غەرب دۈشمەن كۈچلىرى ئېلىمىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» سىياسىي سۇيىقەستىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنى بۆسۈش ئېغىزى قىلماقچى بولغان ھەمدە سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى تېزلىتىۋاتقان ئەھۋالدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى چوقۇم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، بايرىقى روشەن، پوزىتسىيىسى قەتئىي، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشى لازىم. دوكلات، ماقالە، ئەسەرلەردە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپ سۆزلەرنىڭ كۆرۈلۈشىگە ھەرگىز يول قويماي، يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، پەن تەتقىقاتى بازىسىنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەت بىلەن مۇستەھكەم ساقلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭىلىق يارىتىشقا پايدىلىق بولغان مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە بىلىمنى، ئىلىم ـ پەننى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىلىم ـ پەنگە تايىنىدىغان ئىلىم ـ پەن روھىنى زور كۈچ بىلەن بەرپا قىلىش كېرەك. كونىلىرىنى تاشلاپ، ياخشى ئىلىم كەيپىياتىنى يارىتىپ، كوللېكتىپ روھنى تەشەببۇس قىلىپ، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان مۇھىت يارىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارا، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىدە كەمچىلىك، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، مەۋقەنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدىلىكىگە قويۇش، شۇنداقلا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە نەزەر سېلىپ، مۇشۇنداق ئىلىم ئالماشتۇرۇشلار ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز پەن تەتقىقات قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. تۈرلۈك رىغبەتلەندۈرۈش سىياسەت، تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەڭ پەن تەتقىقاتى خىزمەتچىلىرىنىڭ بەرپا قىلىشنى، ئىگىلىك تىكلىشى، تۆھپە يارىتىشىنى تەقسىماتتا ئەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى خىزمىتى قوشۇنىمىز ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ زورىيالايدۇ، ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىمىز چوقۇم كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسىلىپ مەڭگۈ ھاياتىي كۈچىنى ساقلىيالايدۇ.

يولداشلار، 50 يىللىق بولۇپمۇ يېقىنقى 20 يىللىق تەرەققىيات ئارقىسىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قوشۇنى ھەر مىللەت مۇتەخەسسىس، ئالىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەر ساھە، ھەر كەسىپكە تارقالغان، خېلى زور كۆلەمگە ئىگە جەڭگىۋار قوشۇن بولۇپ شەكىللەندى. بۇ قوشۇن كەسپىي پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، بىڭتۇەن ۋە ئازادلىق ئارمىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئارقىلىق ئۆز رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ زور قوشۇننى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بۇ سەپ، بۇ كۈچنى ھەقىقىي تۈردە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم چاقىرغان ھامان جەڭ قىلالايدىغان قوشۇنغا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ۋە شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ زور «ئاقىللار ئۆمىكى»، زور «پىكىر خەزىنىسى»گە ئايلاندۇرۇشى لازىم.

يولداشلار! ھەممىيلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، يېڭى ئەسىردە شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى.

# بىر تەرەپلىمىلىك ــ ئىنسان تەرەققىياتىنىڭ چوڭ توسالغۇسى

## مامۇد نۇر

ھەممە ئادەم ئىشتا نەتىجە يارىتىشنى كۆزلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بەزىلەرنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولسا، بەزىلەرنىڭ تۆۋەن بولىدۇ. تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە بۇنى شۇ كىشىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ۋە ئۆزىنى بىلىش دەرىجىسى بەلگىلىگەن. ئىشتا ياخشى نەتىجە يارىتالايدىغانلار ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئىزدىشىپ ئىگىلەيدۇ، مېڭىسى سەگەك بولۇپ ھەر خىل ئىجابىي ۋە سەلبىي ئامىللارنى تەھلىل قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى ئويلاپ ئۇنى ئوبيېكتىپ ئەھۋال بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر كېلىدۇ. ئىشتا نەتىجە قازىنالمايدىغانلار بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر ئەمەس، بىر ئىشنىڭ ئوڭ ـ تەتۈرى ۋە يۇقىرى ـ تۆۋىنىنى سۈرۈشتۈرمەستىن قارار قىلىشقا ئالدىرايدۇ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ يۈزەكى، بولغان ئىشنى قىلىۋېرىدۇ.

بۇ يەردىكى تۈپ پەرق مەسىلىگە ئەتراپلىق قاراش ياكى بىر تەرەپلىمە قاراشتىن ئىبارەت.

كۆندىلىك تۇرمۇشتا، ئالدىراقسانلىق، بىردەملىك ھېسسىياتقا بېرىلىش، ئۆز بىلەرمەنلىك قىلىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، كىچىككىنە غەلىبىنى كۆرسە كۆرەڭلەش، ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا روھى چۈشۈپ يىلى چىققان توپتەك بوشىشىپ كېتىش... قاتارلىق دائىم ئۇچرايدىغان ئەھۋاللار ئەنە شۇ بىر تەرەپلىمىلىكتىن كېلىپ چىققان. بۇنداق ئەھۋالدا بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ھەرقانداق ئىش ۋە شەيئى ئىچكى باغلىنىش ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەن. بۇ خىل ئىچكى باغلىنىش ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. بىر تەرەپلىمىلىك ـ سۇبيېكتىپچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بىر تەرەپنى تەكىتلەپ يەنە بىر تەرەپكە سەل قارايدۇ، دەرەخنى ئورمان دەپ قاراپ، قىسمەنلىكنى ئومۇملىقنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، ماھىيەتنى تۇتماي يۈزەكى ھادىسىلەر بىلەن قايمۇقۇپ قالىدۇ.

بىر تەرەپلىمىلىك ــ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ چوڭ دۈشمىنى، ماۋجۇشى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىلا ئۇنىڭ ئىنقىلابقا، پارتىيىگە، باشقىلارغا، شۇنى تەرغىپ قىلغان كىشىگە زور زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەكرار چۈشەندۈرگەن ئىدى. ئەگەر ھازىر بىر تەرەپلىمىلىك يامراپ كەتسە ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزمۇ مۇقەررەر زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. كونكرېت ئىشلاردىن ئېيتقاندا:

بىر تەرەپلىمىلىك، مۇناسىۋەتلەرنى بۇزۇپ ناچار ئايلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ، قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆندىلىك ھاياتتا كاچ، جاھىل كىشىلەر، ئۆز گېپىنى يورغىتىلىدىغان ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان كىشىلەر مەيلى قەيەرگە بارسۇن ياكى قايسى ئىشنى قىلسۇن چوقۇم جېدەل ـ غوۋغا چىقماي قالمايدۇ ـ دە، كىشىلەرنى بىزار قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر بىر ئائىلىدىكى ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرسىدە بۇنداق «كېسەل» بولىدىغان بولسا، ئائىلىدە غىڭ ـ غىڭ تۈگىمەيدۇ، ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسى بۇ «كېسەل» گە گىرىپتار بولغان بولسا بۇ ئائىلىنىڭ نەس باسقىنى شۇ!

بىر تەرەپلىمىلىك، كىشىلەرنى يۈزەكى ھادىسىلەرگە قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنىي كۈچىنى ئىسراپ قىلىدۇ. شۇنداق كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەسكى، ئۇلار قىممەتلىك ھاياتىنى يۈزەكى ھادىسىلەر بىلەن قايمۇقۇپ ئۆتكۈزىدۇ. غىل ـ پال ئۆتۈپ كېتىدىغان نەتىجىلەر بىلەن خۇشاللىقىدا مەست بولۇپ يۈرىدۇ. ھاياتىدا تۈزۈك ئىش قىلماي ۋە نەتىجە ياراتماي ئۆمرىنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىنى ئېرىقتا ئاققان لاي سۇدەك ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. گەرچە كېيىنچىرەك ئۆمرىنىڭ ئورۇنسىز ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىر ئاز ھېس قىلىشىمۇ، لېكىن بۇ ۋاقىتتا ۋاقىت ئۆتكەن، پۇرسەت كەتكەن، «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» بولۇپ پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي، ئۆكۈنگىنى ـ ئۆكۈنگەن، تېپىرلىغىنى ـ تېپىرلىغان.

بىر تەرەپلىمىلىككە بېرىلگەن كىشىلەر ۋەزىيەتنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ تەرەققىياتنىڭ شاللاپ تاشلىۋېتىشىگە دۇچار بولىدۇ. كاج، ئۆز سۆز، پىكىر قىلىشى گال، ھېسسىياتقا ئاسان بېرىلىدىغان كىشىلەر كۆپ ھاللاردا تەرەققىياتقا يۈزلىنەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭالمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردىكى بىر تەرەپلىمىلىك ئۇلارنى يېڭى شەيئىلەرنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ قويغان، ئۇلار كونا قاراش، كونا چارىلەرگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ تەرەققىياتتىن ئاسانلا كېيىن قالىدۇ ۋە بۇ داۋاملىشىۋەرسە تەرەققىياتنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ، تەرەققىياتنىڭ شاللىۋېتىشىگە دۇچار بولىدۇ.

ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بىر تەرەپلىمىلىك بولىدىكەن، ئادەم مۇقەررەر پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ مەغلۇب بولۇشقا قاراپ ماڭىدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيادا ئادەمدەك ياشاپ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئويلايدىكەنمىز، چوقۇم بىر تەرەپلىمىلىكنى يېڭىشىمىز لازىم.

ئەمەلىيەت ــ بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولۇشنىڭ ۋە ئۇنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق چارىسى. ئەمەلىيەت ئەڭ كونكرېت، ئومۇملاشقان ۋە جانلىق پائالىيەت بولۇپ، كىشىدىكى مۇجمەل، خۇۋا قاراشلارنى ئايدىڭلاشتۇرالايدۇ، خاتا تونۇشلىرىنى تۈزىتەلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ كاج، جاھىل مىجەزىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، كىشىنىڭ بىلىمىنى تولۇقلىيالايدۇ. كىشىلەرنىڭ جېدەل ـ ماجىرالىرىنى توغرا ھەل قىلالايدۇ. شۇڭا ئەمەلىيەتكە بىۋاسىتە قاتنىشىشنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش دائىرىسى قانچىكى كەڭ، قانچىكى چوڭقۇر بولسا، بىر تەرەپلىمىلىكنى يېڭىش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشتا شۇنچىلىك پايدىلىق بولىدۇ. شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ شۇنچە ئوڭۇشلۇق، ئۇنىڭ ۋاقتىمۇ شۇنچە تېز بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىكى ئىشنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەش لازىم.

1. ھەر تەرەپلىمە ماتېرىياللارنى توپلاپ ئەھۋالنى ئەتراپلىق ئىگىلەش. كىشىدە دۇنيادىكى ھەممە ئىشنى بىۋاسىتە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا باشقىلاردىن سوراش، تەكشۈرۈپ دەلىللەش، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە يازما ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش قاتارلىق ۋاسىتىلىق چارىلەر ئارقىلىق، بىۋاسىتە ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنى تېخىمۇ تولۇقلاش لازىم.

2. تەھلىل قىلىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش. كەڭ دائىرىدە توپلىغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، سېلىشتۇرۇش، «شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى ساقلاپ قىلىش» ۋە ئەقلىي تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش لازىم. بۇنداق بولغاندا كۆپۈككە ئوخشاش لەيلەپ زورۇقۇشتىن قۇتۇلۇپ ئىشنى جانلىق ۋە ئەمەلىي ئىشلىگىلى بولىدۇ.

3. تەجرىبە، ساۋاقلارنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ تۇرۇش. ھازىرقى بازار ئىگىلىكى چوڭقۇرلىشىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇچۇرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە يېڭىلىنىشى تېز بولۇۋاتىدۇ، تۈنۈگۈنكى تەجرىبە ۋە چارىلەر بۈگۈنكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىدۇ. شۇڭا كونا تەجرىبە، كونا چارىلەرگە ئېسىلىۋالماي چۈشەنچىمىزنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىشىمىز، مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىمىزنى «يېڭى قان بىلەن تولۇقلىشىمىز لازىم.»

4. شەخسىيەتچىلىك ئىللەتنى تۈزىتىش. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، شەخسىيەتچىلىك بىلەن بىر تەرەپلىمىلىك يامان خاراكتېرلىق «قوش ئۆسمە». ئۇلار ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىرلىشىپ ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ. شەخسىيەتچىلىكى كۈچلۈك كىشىلەر ئۆزىنىڭ تار شەخسىي مەنپەئەتىنى قاندۇرۇشنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلغاچقا، مەسىلىلەرگە مۇقەررەر رەۋىشتە بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن قارايدۇ. شۇڭا بىر تەرەپلىمىلىكنى يېڭىش ئۈچۈن شەخسىيەتچىلىكنى تۈزىتىش كېرەك. بىر تەرەپلىمىلىكنى يېڭىشنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىشتىكى سەۋەب، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش قابىلىيىتى، ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. يەنى كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيانى قانچە مۇكەممەل بىلسە ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئۇسۇللىرى، چارە ـ تەدبىرلىرى شۇنچە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. ۋەھالەنكى بىر تەرەپلىمىلىك ـ كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشىدىكى ئەڭ زور توسالغۇ. بىر تەرەپلىمىلىكنى يەڭمىگەندە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بازار رىقابىتى كۈچىيىۋاتقان، ئەھۋاللار ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ھازىرقى كۈندە بىر تەرەپلىمىلىكنى يېڭىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىمىزنى توغرا ۋە ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، ئىشتا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

# ھالقىش ئېڭى ۋە غالىبلىق مارشى

مۇختارجان ئابدۇرەھمان

چۇقانلىق ئەسىردىكى خىسلەتلىك ھېكمەتلىرى ھەربىر ئىنسانغا يېڭىچە مەۋجۇتلۇق شەكلى، شۇنداقلا ھاياتلىق تەلقىنلىرىنى تەبىئەت قانۇنىيىتىگە تەققاسلىغان ھالدا ئۈنسىز ئىدا قىلماقتا...

ھاياتلىق ئالىمى ھالاكەت ئالىمى بىلەن مەغرۇر چېلىشماقتا. تەقدىر تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمىنى ئەجەل ھۇدۇقۇشىدا تاپشۇرماقتا! مەنىۋى دۇنيانىڭ زەپەر دەرۋازىسى مۇقەددەس روھ — ھالقىش ئېڭىغا ئۆزىنى تاپشۇردى...

مانا بۇ ھاياتلىق! مانا بۇ ئاداققى ھۆكۈم! مانا بۇ ھەقىقەتنىڭ ياڭراق خىتابى!

## 1. رېئاللىقتىكى ئادەم ۋە خىياللىقتىكى ئادەم

ئىنسانىي ئىستەك ۋە خىسلەتلەر ئىچىدە ھاياتلىق ئىستىكى روھىيەتنى ئۈزلۈكسىز تاۋلاش، مۇكەممەللىك ۋە مۇقەررەرلىكتە ئەڭ زور دەرىجىدە مايىللاشتۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە. بۇ خىل سېھرىي كۈچ مەنىۋى ئېكولوگىيىنى زەڭگەر كۆكتە يېنەۋاتقان قۇياشقا ئوخشاش نۇرلاندۇرۇپ ئىنسان تەبىئىتىنى رېئاللىقنىڭ دەھشەتلىك سىناقلىرى، ئازاب — كۈلپەت، بەخت — سائادەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ئۆز مەنزىلى ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلالايدىغان روھىي ئېنېرگىيىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەسلى ئىنساننىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى بىلەن تۇرمۇش تەقەززالىرى «ئادەم» دېگەن بۇ ئەڭ ئالىي مەۋجۇدىيەتنى تۇرغۇن تەپەككۇرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ھالقىپ چىقىشقا، ھالقىشچان تەپەككۇر ئەندىزىلىرى ئارقىلىق ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە ئۆزىگە سالماقلىق بىلەن دىئاگنوز قويۇشقا، بۇ ئارقىلىق كېلەچەكنىڭ غايىۋى مەنزىلىنى سىزىپ چىقىشقا ئۈندەيدۇ. مانا مۇشۇ ئاڭنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ھالقىش ئېڭى، ئەلۋەتتە. ئىنسان تەبىئىتى ۋە مەنىۋى قاتلاملىرى مۇرەككەپ ئىچكى باغلىنىشلىققا ئىگە بولغانلىقى سەۋەبلىك جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ھەربىر ساھەسىمۇ مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ مۇرەككەپ ئىچكى باغلىنىش ۋە تاشقى قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ. ھالقىش ئېڭىنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسى ماھىيەتتە ياشاش ئىقتىدارى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى — تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئىنسان چوقۇمكى مۇكەممەل ھالقىش ئەندىزىسىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك. ئاقىل ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇمكى، مۇئەييەن زامان ۋە ماكان مۇقەررەر ھالدا ھالقىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى «ماددىي ئاساسى» بۇ ئۆز نۆۋىتىدە تۇراقلىشىپ قالغان مۇقىم تەپەككۇر چەمبىرىكىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئەنئەنىۋى تەپەككۇر يوللىرىنى تەرك ئېتىپ، يېڭىچە تەپەككۇرنىڭ چىغىر يوللىرىنى ياساپ چىقىدۇ. تەپەككۇردىكى ھالقىش ئىنساننى مەنىۋى كامالەت بوسۇغىسىغا قەدەم تاشلاتقۇزىدۇ. ئىنسان روھىدىكى بۇ يىمىرىلمەس مەنىۋى قورغان ئاستا — ئاستا تۈرلۈك خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش كۈچى، مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارى ۋە كىرىزىس ئېڭىنى كۈچەيتىپ ئەتراپتىكى ھەربىر كونكرېت شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى مۇكەممەل كۆزىتىش ۋە ئالدىن كۆرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. رېئاللىقتىكى مېخانىك ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى ئويغۇنلۇق ئاساسىدىكى رېئاللىقتىن ھالقىش ئارقىلىق تاپىدۇ. بۇ خىل مەنىۋى ئىستىھكاملار رېئاللىقتىكى ئادەمنى مۇداپىئە خاراكتېرلىك ھەم ھۇجۇم خاراكتېرلىك زاپاس ئېنېرگىيە بازىسى — ئىقتىدار قۇرۇلمىسىغا ئېرىشتۈرىدۇ، خالاس.

شۈبھىسىزكى، رېئاللىقتىكى ئادەمنىڭ كۈچلۈك ھالقىش ئىقتىدارى ۋە ئېڭى ئۇنى خىيالىي ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. خىيالىي ئادەملەر خىيالىي جەمئىيەتنىڭ مۇكەممەل ئەزاسى ۋە جەڭگىۋار قۇرغۇچىلىرى!

## 2 . ئادەمنىڭ تەقدىرى ۋە تەقدىرىدىكى ئادەم

يېڭى ئېرانىڭ سېھىرلىك قوڭغۇراق ئاۋازى دۇنيانى ئۇچۇر دۇنياسىغا ئايلاندۇردى . ئىنفورماتسىيە (ئۇچۇرچىلىق ) سۇبيېكتىپلىرىنىڭ سەرخىللىشىشى ۋە ئىنسانلار پائالىيەت كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ دۇنيا ھەتتا ئالەم بوشلۇقىدىمۇ ئۇچۇر يېزىسى ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش مەركىزىگە ئايلاندى . بۇنىڭ بىلەن ھەربىر مەۋجۇتلۇق قاتارىدا ئادەملەرمۇ تورلاشتۇرۇلغان ئۇچۇر بازىرىنىڭ مال ساتقۇچىسى ۋە خېرىدارىغا ئايلاندى . مانا مۇشۇنداق بازارلاشقان ، تاۋارلاشقان بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئىنسان ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئەسلىدىكى قاتمال ، تۇرغۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئېچىۋېتىلگەن ئادەم ۋە زامانىۋى ئاڭغا ئىگە ئىجتىمائىيلاشقان ئادەمگە ئايلىنىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا .

بۇ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭلا ئەمەس ،بەلكى پۈتكۈل دۇنيا ئىختىساسلىقلار بازارلىرىنىڭ تەقەززاسى ! ئەنە شۇ ۋەجىدىن ئادەمنىڭ تەقدىرى ھاياتلىق ، دۇنيا ، ئىنسانىيەت ، بىلىم ، بايلىق ، بەخت . . . قاتارلىق ئىجتىمائىي كاتېگورىيىلەر ھەققىدىكى ھېسسىي بىلىشلەر بازار ئەمەلىيىتىنىڭ رەھىمسىز سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى . تەقدىر ھەققىدىكى تونۇش ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەت ئەزالىرىغا ، ھەربىر كونكرېت ۋە ئابستراكت شەيئى ، ئۇلارنىڭ ئورنى ، ئومۇمىي باغلىنىش ۋە مۇناسىۋىتىگە بولغان ھېسسىي بىلىملەرنى ئەقلىي بىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ . بۇنداق پىشقان تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى ئۆز نۆۋىتىدە ئورۇنشتا يېڭىلىپ ئۆزىنى قايتا تونۇغان مىللەتكە ئوخشاش ناھايىتى سالماق ، تەمكىن ، سوغۇققانلىق بىلەن ئۆز ئىدىيىلىرىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ ، بىر يۈرۈش خاسلاشقان ئىدىيە سىستېمىسىنى تۈزۈپ ئۇنى ئەمەلىي نەتىجىگە ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى . مانا مۇشۇنداق كۆپ قاتلاملىق شارائىتلار ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بىر خىل شەكلەن مۇرەككەپلىككە ئىگە قىلغاندەك قىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆتكۈر پىكىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى بولماستىن بەلكى ھادىسىۋى كۆرۈنۈش . بىز تەقدىر ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەپەككۇر چەمبىرىكىدىن ھالقىش ، قاتمال مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ھالقىش ، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىپ مۇكەممەل مەنىۋى قۇرۇلما يارىتىش نۇقتىسىدىن تەھلىل يۈرگۈزسەك ، تەسەۋۋۇر بوشلۇقىمىزدا مۇقەررەر ھالدا ئىككىنچى بىر قۇياش پەيدا بولغانلىقىنى ئەقىل كۆزىمىز بىلەن ناھايىتى روشەن كۆرىمىز . ئۇ بولسىمۇ تاكامۇللاشقان ھالقىش فورمىسى ۋە ھالقىش ئېڭىدىن ئىبارەت . بۇ خۇددى يەر ئاستىدىكى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان غايەت زور ماگمىغا ئوخشاش بەلگىلىك مىقداردىكى ئىچكى ، تاشقى شارائىت ئاستىدىلا شىددەتلىك ۋولقان بولۇپ پارتلاپ ناھايىتى زور ئىچكى ئېنېرگىيە ۋە تاشقى ئۆزگىرىشنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ .

كۆرۈشكە بولىدۇكى ، ئادەمنىڭ تەقدىرى ئەڭ ئالدى بىلەن مەنىۋىيەتنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن ھەرىكەت ئىقتىدارى ، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش قابىلىيىتى شۇنداقلا كىرىزىس ئېڭى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ .

ئەلۋەتتە ، ناتىقلىق ، ئاممىۋى مۇناسىۋەت ، مۇئامىلە ، ئىقتىدار قابىلىيىتى قاتارلىقلارنىڭ رولىمۇ زور بولىدۇ .

شۇنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋە ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۈنۈملۈك ئەمگەكنىڭ مىقدارىغا ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ . شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئادەم زامان ـ ماكاندىن ھالقىغان پەلسەپىۋى مەنىدىكى ئەركىنلىك دۇنياسىغا قەدەم قويىدۇ .

ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى بىلەن تەقدىرىنىڭ ئادەم ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۆز نۆۋىتىدە ئوخشىمىغان ئىككى خىل تىپتىكى ئادەمنى روياپقا چىقىرىدۇ . ئالدىنقىسى ئەركىنلىك ئالەمىدىكى ئادەم . كېيىنكىسى بولسا ، مەنىۋى چۈشكۈنلۈك ، مەھكۇملۇق ئاساسىدىكى مېخانىك ئادەم بولۇپ، ئۆزلۈكىنىڭ قاتلاملىرىنى مۇپەسسەل ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس . ناھايىتى ئېنىقكى ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى بەلگىلىگۈچى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتىشقا قادىر بولالايدىغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئەكسى بولغان تەقدىردىكى ئادەملەر ھاياتلىق ئالەمىدە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە . ئالدىنقىسى جەڭگىۋار

كۈچلۈك مەنىۋى ئاساسقا ئىگە ھۇجۇمچى خاراكتېردىكى رېئاللىقتىكى ئادەم. كېيىنكىسى بولسا، مۇستەقىل پىكىر قىلىش، مۇستەقىل ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان مۇداپىئە خاراكتېردىكى ئادەم.

دەرھەقىقەت، ھەربىر ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى! ھەربىر مىللەتمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتىش كېرەك. ئەلۋەتتە، باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ رەھىمسىز رېئاللىققا تەسلىم بولۇش يارىماسلىقتۇر، خالاس.

## 3. زامانىۋى ئادەم مۇۋەپپەقىيەت بوسۇغىسىدا

بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئىنسانشۇناسلىق شۇنداقلا سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىنسان روھىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىلىرىنى قاتلاملىق تەھلىل قىلىپ ئۇچۇر دەۋرىگە ماس ھالدا زامانىۋى ئادەم ۋە ئۇنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، ئىقتىدارى، ماھارىتى ۋە بىر پۈتۈن ساپا ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىۋاتقان جەمئىيەتمۇ ئەزالىرىغا ئۆز تامغىسىنى چوڭقۇر بېسىپ ھەرىكەت سىجىللىقى ۋە ئىقتىدار تۈرلىرىنى مىسلىسىز كۆپەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىۋېرسال بىلىم ۋە ماھارەتكە ئىگە يېڭىچە بىر تۈركۈم سەگەك، يىراقنى كۆرەر، ھەرىكەت ئىقتىدارى كۈچلۈك زامانىۋى ئادەملەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇلار ئۆزلىرىدىكى ئويغۇنچان چەكسىز ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ بايراقدارلىق بىلەن، سىستېمىلاشقان كەسپىي بىلىم ۋە ئىقتىدارلىق قۇرۇلمىسى ۋە ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ئوتتۇرا قاتلامدىكى سەر خىل ئىلىم ـ پەن، ماھارەت تەلەپكارلىرىنى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يېتىشتۈردى. بۇلارنىڭ كۈچلۈك ھەققانىيەت ۋە بۇرچ ئېڭى ئارقىلىق ئېلىپ بارغان مىننەتسىز ھالال ئەمگىكى ئاخىرقى ھېسابتا مول مېۋە بەردى.

پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن كەلگۈسى ئەۋلادلار نۇقتا قىلىنغان ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى دەسلەپكى مول نەتىجىلىرى بىلەن ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكىلەرگە نىسبەتەن مەدەنىيەت ئىنتېرنېتسىيىسىنى شەكىللەندۈرۈش رولىنى ئوينىدى. تۇنجى تۈركۈمدىكى زامانىۋى ئادەملەرنىڭ يول ئېچىش خاراكتېرلىك ئەمگەكلىرى بىر پۈتۈن مىللەت، دۆلەت ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتتىن ئەنئەنىۋى مۇھىت، تۇرغۇن تەپەككۇر، زۆرۈرىي تۇرمۇش مەئىشەتلىرى مۇددىئاسىدىكى ھاياتلىق ۋە مەنىۋى مەھكۇملۇق ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ھەربىر ئادەمگە ئۆز ـ ئۆزىنى قايتا تونۇش پۇرسىتى ۋە سورۇنىنى ھازىرلاپ بەردى.

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئۆز ـ ئۆزىنى ۋە ئەتراپتىكى ئادەم ۋە باشقا شەيئىلەرنى توغرا تونۇشتىن باشلىنىدۇ. ئەلۋەتتە.

خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك تۈرلۈك ئىمكانىيەت ۋە ئېھتىماللىقلارغا قارىتا تەييارلىق ھالىتىدىكى بۇ خىل زامانىۋى ئادەملەر ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلغان جەمئىيەت تۈزۈلمىسىگە شۇنداقلا باشقا مەدەنىيەت تەرتىپلىرىگە نىسبەتەن ئاكتىپلىق بىلەن باشلامچىلىق قىلىش رولىنى ئوينىدى.

دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن روھىيەت تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ ئورتاق قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. كۆز ئالدىمىزدىمۇ بۇنداق مىساللار تولۇپ تېشىپ تۇرۇپتۇ!

شۇنى جەزملەشتۈرۈش كېرەككى، ماسلىشىش پرىنسىپى ۋە تەسەۋۋۇر كامىللىقى ئاساسىدىكى پائالىيەتچانلىق زامانىۋى ئادەملەر تۈركۈمىنىلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى مۇۋەپپەقىيەت بوسۇغىسىغا ئېلىپ بارىدۇ.

## 4. غالىبلىق مارشى ئەبەدىي ياڭرىسۇن

ئۇچۇر، سىستېما، كونترول، ھالقىش ئىلىملىرى ئىنساننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشتى. بولۇپمۇ، ھالقىش ئىلمى سىستېمىسى غالىبىيەت مەسىلىسى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ يادروسى قىلىپ ئۇنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويدى ۋە ئۆزگىچە قاراشلىرى بىلەن مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. بۈگۈندىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، ھالقىش ئىلمى نۇرغۇنلىغان پەنلەر نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتكە ھەقىقىي تەبىر بەردى ۋە

(ئاخىرى 63 ـ بەتتە)

# نامراتلىق پاجىئەنىڭ مەنبەسى

ھۇسەيىن ئاۋۇت

نامراتلىق - ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ ھايات كۆچۈرۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى بولغان يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ ئۆي، خەج - خىراجەت، بىلىم ئېلىشى، داۋالىنىشى . . . قاتارلىقلارنىڭ يېتەرلىك ماددىي كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىقىدىن پەيدا بولغان بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىلىشى بولۇپ، نامراتلىق مەيلى قەيەردە، ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن كىشەن، ھاياتلىق ئۈچۈن خىرىس، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاپەت.

ئىنسانىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كىشىلىك تۇرمۇشتا يوقسۇزلۇقتىن ئارتۇق ئازاب، نامراتلىقتىن ئارتۇق پاجىئە بولمىسا كېرەك. «دۇنيادا نېمە قاتتىق، يوقسۇزلۇق قاتتىق» مانا بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان سەمىمىي نەسىھىتى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان شەھەر، يېزىلاردا غايەت زور ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. سانائەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى. قاتناش، ئالاقە، ئۇچۇر ئىشلىرى راۋاجلاندى. مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە . . . ئىشلىرى زور دەرىجىدە يۈكسەلدى. ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. بەزى جايلار، بىر قىسىم كىشىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قەدەم قويدى.

ئەپسۇسكى، دۇنياۋى رىقابەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ باي، نامراتلىق بىر دۆلەت، بىر رايون، بىر مىللەتنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى، تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىنى بەلگىلەشكە يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە بىزدىكى بەزى جايلار، بىر قىسىم كىشىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىدى. قورساق توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى.

نۆۋەتتە، نامراتلىق بەزى جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ تۇرماقتا. شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايون، شەھەر بىلەن يېزا، باي بىلەن نامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭايماقتا. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم كىشىلەر تېخىچە قورساق توق، كىيىم - كېچەك پۈتۈن بولۇشنىڭ غېمىدە ياشىماقتا. تۆۋەن ئىستېمال، ناچار تۇرمۇش شارائىتىدا چالما تاملىق، پاكار، كۆرۈمسىز، كونا، قاراڭغۇ ئۆيلەردە ئولتۇرماقتا. تۇرمۇش بېسىمىنىڭ ئېغىرلىقىدىن، پۇلىنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆمۈر بويى قەرزدىن، موھتاجلىقتىن قۇتۇلالماي غەم - ئەندىشە بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزمەكتە. نامراتلىقتىن ئوقۇش راسخوتىنى تۆلىيەلمەي ئوقۇشتىن توختاپ قالغان مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار شەھەر، بازارلاردا ئۇششاق تىجارەتچى، ئاشپۇزۇللاردا مۇلازىم، كوچىلاردا ئاياغ مايلامچىسى، رېستورانلاردا كۈتكۈچى، ساي - جاڭگاللاردا پادىچى، كوچا - رەستىلەردە تىلەمچى، ئائىلىلەردە بالا باققۇچى بولۇپ مەنىۋى نامراتلىقتا، يېگانە سەرسانلىقتا ياشىماقتا. «مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئائىلىدە بالا باققۇچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار 70 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بولار قولى قىسقا، يوقسۇز، نامرات دېھقانلىرىمىزنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن. يوق دېگەندە 70 مىڭدىن كۆپرەك «باۋمۇ» (بالا باقار) بولغان بولىدۇ، دېمەك 70 مىڭدىن كۆپرەك قىزىمىز يېگانە

قۇللۇقتا ياشاۋاتىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 6 ـ سان، 21 ـ بەت). نامراتلىقتىن داۋالىنىشقا پۇل تاپالمىغان بىر قىسىم كىشىلەر يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ كىملەرگىدۇر ھال ئېيتىپ يالۋۇرماقتا. ئاغرىق ئازابىنى تارتىپ ئۆيدە ئازابلىنىپ ياتماقتا...

گەرچە بۇ خىل ئەھۋال ئايرىم جايلاردا يۈز بېرىۋاتقان «قىسمەنلىك» دېيىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شۇ جايلارنىڭ تەرەققىياتى، ئىگىلىكنىڭ يۈكسىلىشى، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى، جەمئىيەت ئامانلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا يەتكۈزگەن، يەتكۈزۈۋاتقان زىيىنىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، نامراتلىق نادانلىقنىڭ ئانىسى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. ئۇ ئادەمنىڭ يىلىكىنى شوراپ، تېنىنى ئاجىز، روھىنى چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار قىلىدۇ. شەرەپلىك ئەنئەنىدىن ياتلاشتۇرۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق ئېڭىنى سۇسلاشتۇرىدۇ. ئەخلاقىنى چىرىتىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. نامراتلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالسا، ئادەم ئۆمۈر بويى نامرات ئۆتسە، ئۆزىنىڭ ئەقەللىي ئىنسانىي تەلەپ، ياشاشتىكى ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمۇ نامراتلىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ... ئۇزۇن مۇددەت نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى كىشىلىك قەدرى ـ قىممىتى، ۋىجدانى، غۇرۇرى ھەتتا ئېنى (نومۇسىنى) پۇلغا ساتسا، بەزىلىرى ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، جىنايەت پەيدا قىلىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدۇ. قىسقىسى، نامراتلىق پاجىئەنىڭ مەنبەسى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش دەۋرنىڭ تەلىپى. خەلقنىڭ ئارزۇسى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، خەلقنى باي، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئېھتىياجى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. خەلقئارا رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى ئۇنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسى ۋە تەلىپى بويىچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشىمىز، مائارىپنى، پەن ـ تېخنىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى، خەلقنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى» بويىچە نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىشىمىز كېرەك.

مۇئەللىپ: يېڭىسار ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىدىن

## ھېكمەت:

ئىلىم ئىككى نەرسە بىلەن ئۆلىدۇ: بىرى ئەقىدىسىز ئۆگىنىش بىلەن، يەنە بىرى ئىلىمگە رەغى يوق ئادەملەرگە ئىلىم سۆزلەش بىلەن.

# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» - ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ كاتولوگى

ئابدۇكېرىم رەھمان

«سەلتەنەت قۇياشى تۈركلەر بۇرجىدا جەۋلان قىلغان»① «تۈركىي تىل ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان»② قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى زور دەرىجىدە يۈكسىلىپ، «ئالتۇن دەۋر» گە كىرگەن ئىدى. مۇشۇنداق گۈللەنگەن مەدەنىيەت مۇھىتىدا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى تېما قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) ناملىق ئىككى بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئەسەر ۋۇجۇتقا كەلدى.

10 - 12 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، روھىي قىياپىتىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى، مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى «قۇتادغۇبىلىك» بىزگە بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولسا، ئاجايىپ مول، جانلىق تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. «دىۋان» بىر پۈتۈن مەزمۇن قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئۇ نوقۇل ھالدا ئەرەبلەرنىڭ ھەمدە تۈركىي تىلنى بىلمەيدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىي سېلىشتۇرما لۇغەت كىتابى ئەمەس، بەلكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ۋە قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ «تىزگىنىنى قولىدا تۇتقان» ئۇيغۇرلار ھەمدە «پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم - پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت، سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى - ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى»③ تۈركىي قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تارىخىغا دائىر مەلۇماتلارنى، ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ توپونومىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى، قول ھۈنەر، تاۋار ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئىقتىسادىي فۇنكسىيىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئۇچۇرلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇستۇر.

ھازىرغىچە «دىۋان» نىڭ دۇنياۋى شۆھرىتىنى كۆپچىلىك ئالىملار پەقەت سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى ئىسپاتلاش بىلەن چەكلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت قاتلىمىنى يېشىپ بېرىشكە بېغىشلانغان تەتقىقات ئۇچۇرلىرى ئازراق بولدى. دەرۋەقە، ئاپتور «دىۋان» ئارقىلىق «خاقانىيە تۈركچىسى» ياكى «تۈرك تىلى» دەپ ئاتىغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن باشقا تۈركىي تىللارنى فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك جەھەتلەردىن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇ زاماندا مەلۇم بولغان نۇرغۇن تۈركىي تىللار ۋە شېۋىلەرنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن ۋە دۇنيادا تۇنجى قېتىم تۈركىي تىللارنىڭ ئىلمىي كلاسسىفىكاتسىيىسىنى ئىشلەپ چىققان. لېكىن يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك «دىۋان» تەتقىقاتىنى نوقۇل سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن چەكلەپ قويغىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۈچۈن تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى «دىۋان» دىكى كۆپ قاتلاملىق مول مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق 9 - 12 - ئەسىرلەر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆزەك قىلغان پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت كارتىنىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ نۇقتىدىن «دىۋان» نى باي ۋە رەڭدار بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ كاتولوگى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نۇقتا خېلى بۇرۇنلا غەربلىكلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى

---

① ② مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 5 - بەت.

③ م. كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 18 - بەت

قوزغاپ «شەرق مەدەنىيەت مەنبەچىلىكى» قارىشىغا ئاساس بولغان. ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئىلىم - پەن مۇتەخەسسىسى گېئورگى سۇتتون (1884 - 1956) ئۆزىنىڭ «ئىلىم - پەن تارىخىدىكى شەرق ۋە غەرب» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتقاندەك: «ئەمەلىيەتتە ئىلىم - پەننىڭ ئۇرۇقى، جۈملىدىن تەجرىبە ئىلىم - پېنى ۋە ماتېماتىكا، ئىلىم - پەننىڭ تولۇق شەكىللەنگەن ئۇرۇقى شەرقتىن كەلگەن. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بۇ ئۇسۇلنى شەرقلىقلەر زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان.

شەرق - ئانا، غەرب - ئاتا

... يېڭى ئىلھام يەنىلا، يەنە كېلىپ ھەقىقەتەن يەنىلا شەرقتىن كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز بۇنى سەزسەك ئاقىللىق قىلغان بولىمىز»① غەربلىكلەرنىڭ بۇ ئادىل باھاسىغا «دىۋان» دەك ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرى تولۇق ئىسپات بولالايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، تىل ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان تۈپ بەلگە بولۇپ، تىلنىڭ ئۆزى كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئارتېرىيە تومۇرى ۋە روھى، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشىدىكى كۆۋرۈك. شۇنداق بولغاچقا بىرەر تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى شۇ تىل تەۋەلىكىدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. دەرۋەقە، «دىۋان» نى تارىخىي نۇقتىدىن ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزدىن كەچۈرگەن ھەرقانداق بىر كىشى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنىڭ بېشارەتلىك ئىپادىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايدۇ.

«دىۋان» دا ئالدى بىلەن تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلار ئارقىلىق 9 - 12 - ئەسىرلەردە پۈتۈن تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان ئەدەبىي تىل فورمىسى - «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان «ئۇيغۇر تىلى» ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ ھەمدە بۇ ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق قائىدىلىرىنى، ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتىكى يۇقىرى ئىقتىدارىنى مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە ئەمەلىي مىساللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىككى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە مەدەنىيەت جەھەتتە سەركەردىلىك رول ئوينىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. «دىۋان» دىكى 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەملەرنىڭ ھەربىرى بىزگە مۇئەييەن بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. مىسال ئۈچۈن «دىۋان» غا تاللانغان ئىملىق سۆزلەرنى كۆزدىن كەچۈرسەك، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ باي ئىپادىلەش كۈچىگە قايىل بولىمىز.

ئىملىق سۆزلەر مەنە جەھەتتىن تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە نەرسىلەرنىڭ تۈرلۈك ھالىتى ۋە ئاۋازلىرىغا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇ بۇ خىل ھالەت ياكى ئاۋازلارنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئەزالىرىمىزنىڭ سېزىمى ئارقىلىق تەپەككۇرىمىزدە ئەكس ئەتكەن مەۋھۇم ئىنكاسىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇئەييەن تىلنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «خاقانىيە تىلى» پېئىللار بىلەن ئىملىقلارغا ئىنتايىن باي تىل. ھازىر تىلىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئېنىق سانى تېخى مەلۇم ئەمەس. ئەمما «دىۋان» دا 100 دىن ئارتۇق ئىملىق سۆز ئۇچرايدۇ («دىۋان» نىڭ 1 - تومىدا 50 كە يېقىن ئىملىق سۆز بار)، ئاپتور بۇ ئىملىقلارنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «دىۋان» دىكى بۇ ئىملىقلارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەينەن قوللىنىلماقتا. مەسىلەن: چاق - چۇق، قارس - قۇرس (ئاۋاز)، چۆك - چۆك (تېزلىك مەنىسىدە)، تىرت (ئاۋاز)، چىرت (ھەرىكەت)، چارس - چارس، قارس - قارس (ئاۋاز)، تاقۇر - تۇقۇر، كاژ - كۇژ، چاڭ - چۇڭ قاتارلىقلار؛ يەنە بەزى ئىملىقلار ئەسلى تەلەپپۇزىدىن قىسمەن ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئىپادىلىگەن مەنىسى ئۆزگەرمىگەن، مەسىلەن: چىگر - چىگر (ھازىرقىسى كىچىر - كىچىر)، بەدەر - بەدەر (ھازىرقىسى پاقۇر - پۇقۇر)، قارچ - قۇرچ (ھازىرقىسى كاچ - كۇچ)، چۇر - چۇر (ھازىرقىسى شۇر - شۇر)، تۇس - تۇس (ھازىرقىسى تاس - تۇس)، زاق - زاق (ھازىرقىسى جاق - جاق)

---

① «دۇنيادىكى مەشھۇر ئالىملارنىڭ نۇتۇقلىرىدىن نەمۇنىلەر». شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 138 - 139 - بەتلەر

، ئۆپ ـ ئۆپ (ھازىرقىسى ھۆپ ـ ھۆپ) ، ئۇش ـ ئۇش (ھازىرقىسى ھۇش ـ ھۇش) ، ئىق ـ ئىق (ھازىرقىسى ھىق ـ ھىق) قاتارلىقلار ؛ «دىۋان» دا كۆرسىتىلگەن يەنە بەزى ئىملىقلار بولسا ھازىر ئىستېمالدىن قالغان بولۇپ، تىلىمىزدا ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن: ئۇۋا (چاقىرغۇچىغا جاۋاب تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەن «خوش ـ خوش» ، «لەۋەي» مەنىسىدە) ئىررا ـ ئىررا («ئىزا ـ ئىزا» مەنىسىدە) ، ئەررە (ئېشەكلەرنى جۈپلەشتۈرۈش ۋاقتىدا ئىشلىتىلىدىغان ئىملىق سۆز) ، ئاناچ ـ ئاناچ (قىزلارنى ئەركىلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ) ، ھەج ـ ھەج (ئات بېشىنى تۇتقۇزماي شاشلىق قىلغاندا يۇۋاشلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىملىق) ، ساق ـ ساق (كۆزەتچىلەرنى سەگەك بولۇشقا ئۈندەيدىغان ئىملىق) ، تۇم (سوغۇقتىن مۇزلىغاندا ئىشلىتىلىدىغان ئىملىق) ۋە باشقىلار.

بىز تۆۋەندە «دىۋان» دىن مەلۇم بولغان مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى ئۈچ ئاساسىي نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتە

«دىۋان» دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، كۆكتاتچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەر ـ سەنئەتتى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ـ ئىمارەت، دورا ـ دەرمەك، مەي ـ شاراب مەدەنىيىتى ھەمدە بىئولوگىيە، زوئولوگىيە قاتارلىق تەبىئەت ئىلىملىرىگە دائىر خېلى كۆپ ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك شەكىللىرىگە ئائىت سۆزلەر 700 دىن ئاشىدۇ. ئۇلار 9 ـ 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ گۈللەنگەن ئىقتىسادىي ئىگىلىك ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى چۈشىنىشتە مول ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھازىرقى زامان ئىگىلىك شەكىللىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. دېھقانچىلىققا ئائىت سۆز ـ جۈملىلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئۇيغۇر رايونلىرى بۇغداي، ئارپا، قوناق، تېرىق (سوك) ، گۈرۈچ، پۇرچاق قاتارلىق ئاساسلىق زىرائەت تۈرلىرى بىلەن بىللە، كېۋەز، قىچا، كۈنجۈت، زاراغزا، بېدە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭمۇ خاس ماكانى بولغان ھەمدە بوقۇسا، ساپان، كەتمەن، ئورغاق، ئارا، گۈرجەك قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئىگە بولغان. بۇ مەلۇماتلار بىزگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئولتۇراق دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەلىيىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«دىۋان» دا يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئائىت 50 دىن ئارتۇق سۆز ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئاپتور بۇ تائاملارنى تونۇشتۇرغاندا ئۇنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى، قۇۋۋىتى ۋە شىپالىق رولىنىمۇ ئەسكەرتكەن ۋە بەزى تائاملارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى رىۋايەتلىك بايان قىلغان. مەسىلەن:

تۇتماچ (I. 590) چۆپ، تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاپتور بۇ تائامنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى ئىستېلا قىلىش دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرى 4 ـ ئەسىر) دە پەيدا بولغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ قۇۋۋەت بېرىدىغان تاماق بولۇپ، بىزدىكى «ئاتۇش چۆپى» نىڭ دەل ئۆزى. يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئائىت «دىۋان» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە قورۇما تائاملار ئاز ياكى ئاساسەن بولمىغان، ئەكسىچە قورۇلمىغان ئۇنلۇق، گۆشلۈك ۋە سۈتلۈك تائاملار ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلىگەن. ھەتتا شۇ دەۋرلەردىلا سوغۇت (ئۆپكە ـ ھېسىپ) ۋە كاۋاپلارنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ بولغان. «دىۋان» دا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ۋە گىرىم مەدەنىيىتىگە ئائىت 40 دىن ئارتۇق ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ كۆپچىلىك تۈرلىرى تاۋار ـ دۇردۇن ۋە زەرباب قاتارلىق يىپەك رەختلەردىن ئىبارەت. مەلۇمكى، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى دۇنيادا تېخى يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىش كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى. ئەمما يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئۇيغۇرلاردا ئاي (توق سېرىق رەڭلىك بىر خىل يىپەك رەخت (1 ـ توم. 56) ، ئاغى (1 ـ توم. 121) ، ئەشكۈرتى (1 ـ توم. 197) ، زەرباب (1 ـ توم. 426) ، زونكوم (1 ـ توم. 136) ، كەس (1 ـ توم. 427) ، كەنزى (1 ـ توم. 551) ، چىناخسى (1 ـ توم. 636) ، تولغاق (2 ـ توم. 414) ، ياتۇق

(3 – توم ، 17) ، بولاق (3 – توم ، 21) ، لوختاي (3 – توم ، 330) قاتارلىق 10 نەچچە خىل يىپەك رەخت تۈرلىرى بولغان . بۇ خاس ناملار خۇددى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىلمۇ خىل ئەنئەنىۋى زىننەت ۋە گىرىم بۇيۇملىرىغا ئوخشاش بىزگە خېلى دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان بىر مەدەنىيەتتىن بېشارەت بېرىدۇ .

«دىۋان» نىڭ ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى قىممىتى توغرىسىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك نۇقتىلارنىڭ بىرى شۇكى ، «دىۋان» دا 200 دىن ئارتۇق ھايۋانات ۋە جان – جانىۋارلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان . ئۇنىڭ ئىچىدە 145 دىن كۆپرەكى ھايۋانلارغا ، 51 ى ئۇچار قاناتلارغا ، 26 سى ھاشارەتلەرگە تەئەللۇق ناملاردۇر . جاندارلار ھەققىدىكى بۇ مەلۇماتلار بىر تەرەپتىن ئەينى دەۋردىكى چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ باي ئىپادىلەش كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . شۇنداقلا بۇ رايونلارنىڭ زوئولوگىيىلىك خاسلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ . مەلۇمكى ، ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بىرقەدەر بۇرۇنراق كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن شەھەرلەشكەن دېھقانچىلىق ۋە قول سانائەت ئىگىلىكىگە كۆچكەن . تۇرمۇش شارائىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ تەبىئەت جانلىقلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى تەدرىجىي سۇسلاشتۇرغان . تارىخنىڭ قەدىمى بۈگۈنگە يەتكەندە مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا نامىنى ئاتىغان خېلى كۆپ تەبىئەت جانلىقلىرىنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك گىنتىكلىق بەلگىلەر ئۇنتۇلۇپ ئاستا – ئاستا ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدىن ئۆچۈشكە باشلىغان . ئالايلۇق ، «دىۋان» دا جىنسىي پەرق ، ياش پەرقى ، گىنتىك پەرقى ۋە رەڭ پەرقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن «ئات» نىڭ 33 خىل تۈرىنى ۋە بۇ تۈرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس نامىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . مەسىلەن : orat (ئورۇل ئات . 1 – توم .63) ، oyat (قارا تورۇق ئات . 1 – توم .69) ، kafkiat (ئۇشلۇك ئات . 1 – توم .560) ، bulakat (بويى قىسقا ، ئۇچىسى كەڭ ئات . 1 – توم . 492) ، ayurat (قاشقا ئات . 1 – توم .74) ، θKüxyilk.l (توسۇن يىلقا . 1 – توم .84) ، ozukat (ئۇزار ئات . 1 – توم .90) ، arikat (يورغا ئات . 1 – توم .95) ، azoyir (ئايغىر ئات . 1 – توم .129) ، arkun (ئارغۇن ، شالغۇت ئات . 1 – توم .146) ، qindanat (جەدە ئات . 1 – توم .568) ، munduz at (يورغىلاشتىن باشقا يۈرۈشى بولمىغان ئات . 1 – توم .599) ، büktalat (ساغرىسى كەڭ ئات . 1 – توم .628) ، k.isralk (تۇغمىغان بايتال . 1 – توم .356) ، ulayat (پوچتىچىلارنىڭ بېكەتلەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئىتى . 1 – توم .156) ، k.irat (بوز ئات . 1 – توم .425) ، bulat (ئاق پاچاق ئات . 1 – توم .437) ، sip (ئىككى ياشقا ماڭغان تاي . 1 – توم .418) ، tosun (مىنىلمىگەن تاي . 1 – توم .560) ، bi (بايتال . 3 – توم . 286) ، qufo (تېز يۈرەر پوچتىچىنىڭ يولدا ئالماشتۇرىدىغان ئېتى . 1 – توم .553) ، tukuzat (قاشقا ئات . 1 – توم .437) ، yund (ئات ، يىلقا . 3 – توم .7) ، alat (ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئومۇمىي نامى 1 – توم .67) ، k.izyuat (قىزىل بورۇل ئات . 1 – توم .629) ، boğyülat (ئىككى بېقىنى ئاق ئات . 1 – توم .628) ، karxaguat (قاشقا ئات . 3 – توم . 173) ، θgat (تۆت ياشتىن ئاشقان ئات . 1 – توم .67) ، k.ubaat (قۇلا ئات . 3 – توم .299) ، tay (تاي . 3 – توم .216) ، salyaat (ئاغزى قاتتىق ئات . 1 – توم .554) ، k.ulnaqiat (بوغاز بايتال . 1 – توم .639) ۋە باشقىلار . ئاتلارنىڭ تۈرىنى شۇنچە پەرقلىق ناملار بىلەن ئاتاش بىزگە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەسلىدە «ئات مەدەنىيىتى» نى ياراتقان جەڭگىۋار خەلق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ .

## 2 . ئىجتىمائىي مەدەنىيەت جەھەتتە

«دىۋان» دا تۈركىي قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلار ، ئۇلارنىڭ جايلاشقان جۇغراپىيىۋى ئورۇنلىرى ، «خاقانىيە ئۆلكىسى» ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئەتراپىدىكى مۇھىم شەھەرلەر ۋە يېزىلار ، قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشى ۋە ھەربىي ئىشلارغا دائىر مەلۇماتلار ، ئائىلە ، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مىزانلىرى ۋە ئولتۇرۇپ قوپۇشتىكى ئەدەب – قائىدىلەر ، تۈرلۈك ئەنئەنىۋى مۇراسىملار ، تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ۋە بالىلار ئويۇنلىرى ، ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە تەئەللۇق كۆپلىگەن ئاتالغۇلار ۋە تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ .

بۇ مەلۇماتلار يۇقىرى بىلىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر فولكلور تارىخىنىڭ ئىشەنچلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق: «دىۋان» دا ئۇرۇق، قەبىلە ناملىرىدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان 105 دىن ئارتۇق يەر - جاي ناملىرىنى توپونومىيىلىك تەلەپلەر بويىچە تونۇشتۇرغان. بۇ مەلۇماتلار يالغۇز شىنجاڭنىڭ توپونومىيە تەتقىقاتى ئۈچۈن زۆرۈر ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىم دۇنياسىدا ھازىرغىچە تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان بەزى چىگىش تارىخىي مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى بولۇشتەك ئاچقۇچلۇق قىممەتكە ئىگە. مەسىلەن: «دىۋان» دا aziy (ئازىغ)، opal (ئوپال)، k$_a$asi (قاسى) قاتارلىق بۇ ئۈچ يەر نامىنى تىلغا ئالغاندا، ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەر - جاي ناملىرىدا بۇنداق ئىزاھات ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئۇچۇر مۇقەررەركى، يېتۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ھەققىدە بەرگەن ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە يېگانە مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن زىچ ئالاقىدار بۇ ئۈچ يەر - جاي نامى ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ 45 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان گۈزەل مەنزىرىلىك ئوپۇلات (ئوپال داۋىنى) باغرىدىكى ئازىغ تىكەن دەرىسى (ئېقىنى) دەپ ئاتالغان «ئازىغ» كەنتى (ھازىرقى نامى «قۇمباغ» يېزىسى) ۋە ئۇنىڭغا ياندىشىپ تۇرغان «قاسى» ياكى «قاچى» تەلەپپۇزى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان يۇرتنىڭ نەق ئۆزىدۇر. مىڭ يىللاردىن بېرى خەلقىمىز تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىپ «ھەزرىتى موللام» نامى بىلەن مۇقەددەس تاۋاپخانىغا ئايلانغان ئالىمنىڭ بۇ مۇبارەك مەقبەرىسىمۇ ئەنە شۇ «ئازىغ تىكەن دەرىسى» (ھازىرقى سوسەر ئېغىزى) دىن 300 - 400 مېتىرچە يىراقلىقتىكى «ھەزرىتى موللام تېغى» نىڭ باغرىغا جايلاشقان.

قىسقىسى، مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» غا تاللاپ كىرگۈزگەن يەر - جاي ناملىرىنىڭ ھەربىرى روشەن قاراتمىلىققا ۋە تارىخىي مەنىدارلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ بىزگە مۇئەييەن بىر تارىخىي چىنلىقنى ئەسلىتىدۇ. ئالىمنىڭ «تارىم»، «ئارتۇچ»، «بۇگۇر»، «ئۇتۇكەن»، «بالىق»، «بېشبالىق»، «تۈرك»، «سۇلى»، «سۇلمى»، «ئاگنى»، «قوچۇ» قاتارلىق يەر - جاي ناملىرى ھەققىدىكى ئىزاھاتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە مەدەنىيەت سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن بىۋاسىتە باغلانغان بولۇپ، ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»ىمىز تۈپەيلى ئۈزۈلۈشكە مەجبۇر بولغان مەدەنىيەت تارىخىمىزنى ھەقىقەت نۇرى بىلەن قايتىدىن جۇلالاندۇرىدۇ. دەرۋەقە، يەر - جاي ناملىرى يىراق ئۆتمۈشنىڭ بىزگە قالدۇرغان يالدامىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتۈشمە ئېغىزى، «26 خىل يېزىق، ئون نەچچە خىل تىل، دۇنياۋى ئۈچ چوڭ دىن» نىڭ ئۇچراشقان ۋە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن مەركىزى ھەمدە كۆپلىگەن سىياسىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ پائالىيەت سورۇنى بولغاچقا، مۇنداق مۇرەككەپ تارىخىي رېئاللىق شىنجاڭنىڭ يەر - جاي ناملىرىدا روشەن ئەكس ئېتىپ، مۇرەككەپ ئېتنىك قۇرۇلما ھاسىل قىلغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ «ئۆكتەبىر يېزىسى»، «قىزىلبايراق كەنتى»، «غالىبىيەت يولى» دېگەنگە ئوخشاش زامانىۋى سىياسىي ناملار بىلەن ئاتىلىپ ئەسلى نامى يوقىلىۋاتقان ياكى ئۆزگىرىۋاتقان يەر - جايلار ئاز ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدا «دىۋان» دا ئىزاھلانغان يەر - جاي ناملىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ سىرلىق تۈگۈنلىرىنى يېشىپ بېرىشتە تولىمۇ قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋان» نىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قىممىتى ئىچىدە يەنە كۆزگە چېلىقىدىغان بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇن ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، مەشرەپ - مۇراسىملىرى ھەر خىل تەنتەربىيە، بالىلار ئويۇنلىرى تونۇشتۇرۇلغان 25 دىن ئارتۇق ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. ئاپتور بۇ ئاتالغۇلارنى ئىزاھلىغاندا شۇ خىل ئويۇننىڭ جەريانلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ. «دىۋان» دا نامى ئاتالغان سوغدىچ (1 - توم. 593)، سۇرچۇك (1 - توم. 624)، شەنبوي (3 - توم. 329)، قاتارلىقلار ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تۈرلىرى بولۇپ، ئۇلار «مەشرەپ» دېگەن بۇ ئەرەبچە نام ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرىشتىن بۇرۇنلا مەشرەپ تۈرلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك ناملار بىلەن ئۇيغۇر ئارىسىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا «يېپلادى» (دارۋازلىق 3 - توم. 421)، «ئەتەچ» (ياغاچ ئويۇنى. 1 - توم.

50) ، تەپۈك (تەپكۈچ ئويۇنى . I .501) ، ياڭغۇ (ئىلەڭگۈچ ، گۈلەڭگۈچ ئويۇنى 3 ـ توم 518) ، پوك (مۈشۈك ئويۇنى 3 ـ توم 180) قاتارلىق بالىلار ئويۇنلىرى ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ قىممەتلىك ماتېرىياللىرى ھېسابلىنىدۇ .

«دىۋان» دا ئاياللار دۇنياسىغىمۇ خېلى كەڭ نەزەر تاشلانغان . ئاپتور ئاياللارغا ئائىت سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاش ئارقىلىق قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ رەڭگا رەڭ مەنزىرىسىنى سىزىپ بەرگەن ، «دىۋان» دا بۇ تېمىغا ئالاقىدار 82 دىن ئارتۇق سۆزلەر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ayiqi ـ يىپەك رەختلەرنى ساقلىغۇچى ، خەزىنىچى (1 ـ توم 180) ، k̤unquy ـ خوتۇندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان خېنىم ئاغىچا (دەرىجە 3 ـ توم 330) قاتارلىقلار ئەينى دەۋردىكى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ، yanuk ـ دېدەك (3 ـ توم 525) ، k̤iz ـ چۆرە (1 ـ توم 427) قاتارلىقلار قاراخانىيلار دەۋرىدىكى دەرىجە ـ تەبىقە تۈزۈمىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى ، bayirdak ـ (بايقىرداق ، لىپتىك . 1 ـ توم . 653) ، urğuq ـ (ئۆرۈم چاچ . 1 ـ توم 129) ، θkmak ـ (ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا ، زىرە . 1 ـ توم 142) ، aliklik (قولقاپ ، پەلەي . 1 ـ توم 207) ، toloaoy (سوكە ، ھالقا . 2 ـ توم . 420) ، sata (مارجان 3 ـ توم 310) ، ütuk (دەرزمال 1 ـ توم 93) ، an̤lik (ئەڭلىك . 1 ـ توم . 156) ، didim (ئوتوغات ، تاج . 1 ـ توم 156) ، bak̤an (بويۇن ھالقا ، ئالتۇن زەنجىر 1 ـ توم . 519) ، kimsan (دوپپا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە تاقىلىدىغان ئالتۇن قاداق 1 ـ توم 570) ، boymak (مېدالىيون 1 ـ توم 610) ، yuzuk (ئۈزۈك 3 ـ توم 22) قاتارلىق ئاياللارغا خاس زىننەت بۇيۇملىرى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ .

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەرەب تىلى ئاساسىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى ھۆكۈمران ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى يەنىلا ئۆزلۈكسىز داۋاملاشقان ، بۇ ئەھمىيەتلىك مۇھىم نۇقتىنى ئەينى ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ساپ تۈركىيچە ئىسىملەرنى مىسال قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەرگەن . بوغرا ، ساتۇق ، چاغرى بەگ ، ئەرۋۈز ، قولۇچ ، تۇتۇش ، تەكشى ، ئۆتەمىش ، توقمىش ، تۇتۇق ، چوغلان ، بەگلەن ، كۆلئەركىن ، قاتارلىق كىشى ئىسىملىرىنىڭ «دىۋان» دىن ئورۇن ئالغانلىقىغا قارىغاندا ، قاراخانىيلار دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇش ئادىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ . بۇ ئۆلگىلەر يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتورنىڭ ئىسىم قويۇش جەھەتتىكى ئىدىيىۋى مايىللىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن .

3 ـ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە

«دىۋان» دا يەنە ئۇيغۇرلار ۋە پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئەت قاراشلىرى ، پەلسەپە ۋە ئەخلاق قاراشلىرى ، ئاسترونومىيە ، تىبابەت ۋە كالېندارچىلىق قاتارلىق ئىلىم ـ پەن قاراشلىرى ، ئىپتىدائىي دىنىي قاراشلىرى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە گۈزەللىك قاراشلىرى قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيەتكە دائىر مەلۇماتلار خېلى چوڭ سەھىپىنى تەشكىل قىلىدۇ . بۇ ھەقتىكى سۆزلەر مۇئەييەن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئىزاھلانغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلىش قىممىتى ۋە تارىخىي قىممىتى خېلى يۇقىرى . «دىۋان» دا مەنىۋى مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە تەۋە ئاتالغۇلار 550 دىن ئارتۇق بولۇپ ، بۇ ئاتالغۇلار ئارقىلىق ئاپتور ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى ئېچىپ بەرگەن . ئالايلۇق : «دىۋان» دا نۇرغۇن سۆزلەملەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش مەقسىتىدە مىسال ئۈچۈن تاللانغان 242 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىرىي پارچىلار ، 200 دىن ئارتۇق پەلسەپىۋى مەزمۇنلۇق ھېكمەتلىك سۆزلەر ، ئون پارچىدىن ئارتۇق تارىخىي رىۋايەتلەر ۋە ئەپسانىلەر بولۇپ ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى مەنىۋى ئىجادىيەتلىرىنىڭ ئۆلگىلىرىدۇر . «دىۋان» دىكى كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلار تولىمۇ قىممەتلىك بولۇپ ، مەشھۇر ئالىم ئەبۇرەيھان بىرۇنى ، ئىبنى سىنا ۋە ئۇلۇغبەگ قاتارلىقلار تەرىپىدىن «ئۇيغۇر كالېندارى» دەپ ئاتالغان ئون ئىككى ھايۋانلىق كالېندار (مۆچەل كالېندارى) يۇلتۇز كالېندارى غا ئوخشاش ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردە پەيدا بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . «دىۋان» دا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرگەن دىن مەدەنىيىتىگە ئائىت سۆزلەملەر 40 دىن ئاشىدۇ . مەھمۇد كاشغەرى گۈللەنگەن ئىسلام

مۇھىتىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئىسلام ھىماتچىسى بولسىمۇ، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە زىت بولغان قەدىمكى كۆپ خۇدالىق ئىپتىدائىي دىنلارغا ئائىت ئاتالغۇلارنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلاملاشقان خەلق تۇرمۇشىدىكى قويۇق ئىزنالىرىنى فولكلورلۇق مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئىزاھلاپ بەرگەن. بولۇپمۇ پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا 2500 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن شامان دىنىنىڭ پىرىخۇنلۇق، سېھىرگەرلىك، رەممالىلىق، مۇنەججىملىك، ئەپسۇن - ئەرۋاھچىلىك، جىنكەشلىك، چۈشكە تەبىر بېرىش، تابۇ (پەرھىز) لىك قاتارلىق ئومۇملاشقان ئېتىقاد شەكىللىرىنى خىلى تەپسىلىي بايان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي مەدەنىيەت تارىخىنى چۈشىنىشكە ئاساس يارىتىپ بەرگەن. مەسىلەن:

isyik - بالىلارنى جىن - ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز (1 - توم 134)

abaaqi - ئالۋاستى، ھۆجۈ (1 - توم 181)

abaki - قارانچۇق - كۆز تەگمىسۇن دەپ باغ ۋە كۆكتاتلارغا قاداپ قويىدىغان قارانچۇق (1 - توم 184)

kamaryax arradi - باخشى ئەپسۇن - ئەرۋاھ ئوقۇدى (1 - توم 499)

yat - يادا، بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس يادا تاشلار ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىدۇ. (3 - توم 2)،

kam - كاھىن، شامان (3 - توم 215)

yurun - يۇرۇن، ژۇرۇن. ھەرقانداق ئاق نەرسە (1 - توم 181) ۋە باشقىلار.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك سۆزلەملەر يالغۇز شامان دىنىنى تەتقىق قىلىشتىلا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىمۇ بەلگىلىك رولى بار.

بىز يۇقىرىدا چەكلىك سەھىپە ئىچىدە «دىۋان» ئارقىلىق مەلۇم بولغان مول مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىن مىسال كۆرسەتتۇق. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى شەرق ئاسمىنىدا پارلىغان بۇ ئالەمشۇمۇل ئىلىم قۇياشىنىڭ مەزكۇر قامۇسىدىن نېمە ھاجەت بولسا شۇنىڭغا لايىق جاۋاب تېپىشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەر زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىن بىزنى چەكسىز مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I - II - III - توم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1981 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى

② «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتىمىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2000 - يىل

③ نەسرۇللا يولبولدى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1981 - يىل

④ ئا. رەھمان: «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1989 - يىل

⑤ ئەسئەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2000 - يىل

⑥ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

مۇئەللىپ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى پروفېسسورى

# مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ھاياتى

م. شاكىر ئۆلكۈ تاشىر

مەھمۇد كاشغەرى XI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق داڭلىق لۇغەتنى يازغان ئۇلۇغ ئالىم ۋە تىلچىدۇر.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆزى ھەققىدە بەرگەن بەزى مەلۇماتلاردىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مەلۇماتلاردىن خەۋەرسىزمىز.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئاتىسى بارسغانلىق، ئىسمى ھۈسەيىن مۇھەممەد بولۇپ، دادىسى بارسغاندىن كاشغەرگە كۆچۈپ كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ۋە قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىقراق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. پەقەت «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ 1074 - يىلى 10 - فېۋرالدا يېزىلىپ پۈتكەنلىكىلا مەلۇم.① ئۇنىڭ ئەسىرى يېزىلىپ پۈتكەن چاغدا يېشىنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقى ھەم مەلۇم. بۇنىڭغا قاراپ، مەھمۇد كاشغەرى XI ئەسىر ئىچىدە ياشىغان ۋە شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋاپات بولغان، دەپ پەرەز قىلالايمىز.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى بەزى پارچىلار مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئېسىل نەسەبلىك ئائىلىدىن ئىكەنلىكىنى، قاراخانىيلار جەمەتىگە يات ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دا (تۈركچە 1 - توم، 102 - بەت، ئۇيغۇرچە 1 - توم 152 - بەتتە) ئەجدادلىرىنىڭ ئوغۇزلار تەرىپىدىن «ھەمىرلەر» دېيىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئوغۇزلاردا «ئە - $E$» ئورنىغا «ھ - $H$» ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئەمىرلەر» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ.

بۇ خىل مەلۇماتلار مەھمۇد كاشغەرى قاراخانىيلار جەمەتىدىن بولمىغان تەقدىردىمۇ شۇ ئائىلە ئەتراپىدىكى ئېسىلزادىلەر تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە «دىۋان» دا قاراخانىيلارنىڭ بەزى ئاتاقلىق كىشىلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل، بولۇپمۇ بۇ دۆلەتنىڭ تەشكىلاتلىرى بىلەن سارايدىكى ئۆرپ - ئادەتلەر ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتلار ئۇنىڭ قاراخانىيلارغا يېقىنلىقىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ. رەشىت رەھمەتى ئارات مەھمۇد كاشغەرىنى («ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «كاشغەر» ماۋزۇسىدا) «قۇتادغۇبىلىك»، ھەدىيە قىلىنغان ھۆكۈمدارنىڭ جىيەنى بولۇش ئېھتىمالى بار» دەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئەسىرىنى باغداتتا يېزىپ پۈتتۈرگەنلىكى پەرەز قىلىنماقتا. بۇ پەرەز بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ كاشغەردىن ئىراققا كۆچۈپ بارغان بولىدۇ، ئەمما ئۆزى «دىۋان» دا ئىراققا نېمە ئۈچۈن، قاچان بارغانلىقى ھەققىدە ھېچنېمە يازمايدۇ. لېكىن، تۈرك شېۋىلىرى، ئادەتلىرى، ئەنئەنىلىرىنى ئۆز جايىدا ئۆگەنگەنلىكىنى، تارىم، ئىلى، چۇ ۋە سىر دەريالىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق تۈرك كەنتلىرىنى كېزىپ چىققانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى باغداتقا كۆچۈپ بېرىپ ئەسىرىنى يېزىشقا باشلىغان چاغدا، شۇ زاماندىكى تۈرك ئەللىرىنى ۋە جەمئىيىتىنى ھەر جەھەتتىن ئۆگەنگەن ۋە بىرمۇنچە مەلۇماتلارنى توپلىغان. شۇ چاغدا يېشىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسا كېرەك. نۇرغۇنلىغان كاشغەرلىقنىڭ سالجۇقىلار ئىمپېراتورى مەلىكشاھنىڭ ئايالى، قاراخانىيلار جەمەتىدىن بولغان تەركەن خاتۇن (ھازىر تۈركان شەكلىدە قوللىنىلىۋاتقان بۇ سۆزنىڭ توغرىسى

---

① «دىۋان» 1077 - يىلى يېزىلىپ پۈتكەن، دېگۈچىلەرمۇ بار.

تەركەن بولۇپ، ھاكىم، ھۆكۈمدار، مەلىكە دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ) غا ئەگىشىپ، ئىراققا كەلگەنلىكىنى، ئۇلار ئىسلام مەدەنىيەت ساھەسىگە كەڭ تۈردە ئارىلاشقانلىقىنى بىز بىلىمىز. شۇنىڭغا ئاساسەن، مەھمۇد كاشغەرىمۇ مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باغداتقا بارغان، دەپ قاراش ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى

مەھمۇد كاشغەرى يۇرتىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ياخشى تەلىم ئالغانلىقى، ئىسلامى بىلىملەرنى ئۆگەنگەنلىكى مەلۇم. ئۇنىڭ ئېسىل بىر ئائىلىدىن چىققانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان مىساللىرىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق بىلىم ئېلىشى، ياخشى تەربىيىلىنىشى تەبىئىي بىر ئەھۋال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زاماندا (XI ئەسىردە) كاشغەر بىلەن بارسغان ئەتراپلىرىدا خېلى تەرەققىي قىلغان ئىلغار مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن مۇھىتى مەۋجۇت ئىدى. قاراخانىيلار قۇرغان ھەر خىل ئىلىم ـ پەن جەمئىيەتلىرى بۇ شارائىتنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانى» يېزىلىۋاتقان چاغدا، كاشغەردىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشاش تىل جەھەتتىمۇ، ئەدىبىي جەھەتتىمۇ ئۇلۇغ ۋە مۇكەممەل ئەسەرلەر يېزىلغانىدى.

مانا بۇلار مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بىر ئىلىم ـ پەن مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى كۈچلۈك تۈردە ئىسپاتلايدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى بىر تەرەپتىن ئۆز ئانا تىلىنى نۇرغۇنلىغان شېۋىلىرى بىلەن بىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرەبچە ۋە پارسچىنى ئىنتايىن ياخشى بىلەتتى.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ھازىر قولىمىزدىكى «دىۋانى» دىن باشقا يەنە تۈرك تىلى سىنتاكسىغا دائىر «دىۋانۇ نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق ئەسىرىمۇ بار ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەر تېپىلمىدى، پەقەتلا ئىسمى مەلۇم بولۇپ قالدى. مەيلى تېپىلمىغان بۇ ئەسىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بولسۇن، مەيلى «دىۋانى» دىن ئېلىنغان مەلۇماتلار بولسۇن، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تۈرك فىلولوگىيەسى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتى بارلىقىغا ئىسپات بولالايدۇ. مەھمۇد كاشغەرى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان تۈرك شېۋىلىرى خاقانىيە، ئوغۇز، قىپچاق، ئارغۇ، چىگىل، كەنچەك، ئۇيغۇر شېۋىلىرى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى بۇ شېۋىلەرنىڭ گىراماتىكا قائىدىلىرىنىمۇ بەك ياخشى بىلەتتى.

مەھمۇد كاشغەرىنى يالغۇز بىر تىلچى دېسەكلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇ تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولغان ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئالىمدۇر.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئالىملىقىتىن باشقا ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار. ئۇ ئەينى زاماندا ئەرەبچە قوراللارنى ياخشى ئىشلىتەلەيدىغان ئەرەبچى ئىدى. بۇنىمۇ «دىۋان» دىكى چۈشەندۈرۈشلەردىن بىلىۋالالايمىز. ئۇ «دىۋان» دا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، تەڭداشسىز قەھرىمانلىقىنى، ئىلىم ـ پەن، يۇرتنى ئىدارە قىلىش، دېھقانچىلىق، قىسىمى، مەدەنىيەت جەھەتتە مەيدانغا كەلتۈرگەن زور ئىجادىيەتلىرىنى نۆۋەتى كەلگەندە ئۆزۈندىن ئۆزۈن چۈشەندۈرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ كىتابىنىڭ بېشىدا، ھەم «تۈرك» ئاتالغۇسىنى ئىزاھلىغاندا يازغانلىرى بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەھمۇد كاشغەرى ئۆزى ياشىغان دەۋردە مەۋجۇت بولغان «ئىسلامچىلىق» ئېقىمى ئىچىدە «تۈركچىلىك» ئېقىمىنىڭ، يەنى ئىسلام جەمئىيىتىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئالاھىدە ئورنى بولۇشى كېرەكلىكىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىمايە قىلغانلاردىن ئىدى. شۇڭا، مەھمۇد كاشغەرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشقان، دېسەك خاتا باھا بەرگەن بولمايمىز. بۇ ئالاھىدىلىكى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر بىر مىللەتچى ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى كىتابىنىڭ بېشىدا تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن مۇنداق يازىدۇ:

«مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى ‹تۈرك›، دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى؛ دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىن-

نى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى، ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى؛ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە يەتكۈزۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى.

ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق. كىمكى ئۆز گۇرۇھىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئايرىلىپ تۈركلەرگە سىغىنىپ كەلسە، تۈركلەر ئۇلارنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ. ئۇلار بىلەن بىللە باشقىلارمۇ پاناھ تاپىدۇ».

مەھمۇد كاشغەرى كىتابىنىڭ «تۈرك» دېگەن ماددىسىدىمۇ مۇنداق يازىدۇ:

«تۈرك تەڭرى يارلىقىغۇچى نوھنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى. بۇ نوھنىڭ ئوغلى تۈرككە تەڭرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم... بىز ‹تۈرك› دېگەن ئىسىمنى ئۇلۇغ تەڭرى ئۆزى قويغان، دېدۇق، چۈنكى، كاشغەرلىق خەلەف ئوغلى ئىمام شەيخ ھۈسەيىننىڭ ئىبنۇ كەلغەرقى دېگەن ئادەمدىن ئاڭلاپ ئېيتىپ بېرىشىچە، ‹ئىبنۇ ئەبۇددۇنيا› دېگەن نام بىلەن تونۇلغان جەرجەرارلىق ئۇستاز ئەبۇبەكرى مۇفىد ئاخىرزامان توغرىسىدا يازغان بىر كىتابىدا پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار. ئۇلارنى ‹تۈرك›، دەپ ئاتىدىم. ئۇلارنى كۈن چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. بىرەر قوۋمغا غەزەبلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن.

بۇ ھال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى، كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا تەڭرى ئۆزى ئات قويغان، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ‹ئۆز قوشۇنۇم›، دېگەن».

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەرەب تىلىنىمۇ، ئىسلامى بىلىملەرنىمۇ ئىنتايىن ياخشى بىلىدىغان مەھمۇد كاشغەرى ئۆز تىلىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، ئۆز يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ۋە يۇقىرى تۇتىدىغان ئالىمىمىز ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانى» ناملىق كىتابى بىلەن تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئۇلىنى ۋە تۈركولوگىيە مەكتىپىنى قۇرغۇچى ئىدى، دېسەك ئەمەلىيەتكە تازىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرى

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ھازىر قولىمىزدا بار ئەسىرى «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» دۇر. بۇ ئەسەر XI ئەسىرنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» يالغۇز بىر لۇغەتلا بولۇپ قالماي، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، ئەپسانە، فولكلور ۋە خەلقنى، قىسقىسى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك باي مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور خەزىنە ۋە ئېنسىكلوپېدىيىلىك بىر ئەسەردۇر. بۇ قەدىمكى تۈرك لۇغىتىنىڭ ماددا بېشى سۆزلەملىرى بىلەن ئالغان مىساللىرى تۈركچە، تۈركچە سۆزلەملەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ئەرەبچە بولۇپ، كىتاب ھەم ئەرەبلەرگە تۈركچە ئۆگىتىش، ھەم تۈركچىنىڭ باي بىر تىل ئىكەنلىكىنى، ئەرەبچە بىلەن تەڭلىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دېيىشىچە: «دىۋانى» 1072 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى باغداتتا يېزىلىشقا باشلانغان. مەھمۇد كاشغەرى كىتابىنى يېزىپ تۈگەتكەندىن كېيىن قايتىدىن تەتقىق قىلىپ، تۆت قېتىم تۈزىتىپ، تەھرىرلەپ، 1074 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى (دۈشەنبە) تاماملىغان. بۇ ھېسابلارغا قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەرى ئەسىرىنى ئابباسىي خەلىپىسى ئەل قائىم زامانىدا يازغان، ئەمما ئەل قائىمنىڭ ئورنىغا چىققان ئەل مۇقتەدى بىللاھقا تەقدىم قىلغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ قولىمىزدىكى يېگانە يازما نۇسخىسى ئەسلى ئىراننىڭ ساۋە دېگەن جايىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كېيىن شامدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇھەممەت ئىبىن ئەبۇبەكرى ئىبىن ئەبۇلفەتچى ئۇس ساۋى تەرىپىدىن 1266 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدۇر. ساۋەلىك مۇھەممەتنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ھازىرقى يېگانە نۇسخا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن. تۈركچىنى بىلمەيدىغان مۇھەممەتنىڭ ئەرەبچىنىمۇ

ياخشى يازالمايدىغانلىقى ئەسەردىكى بىرمۇنچە تىل جەھەتتىكى خاتالىقلاردىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» دەك بىر ئەسەرنى كۆچۈرۈشتە بەزى خاتالىقلار كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنى كۆچۈرۈپ چىقىپ، پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان ساۋەلىك مۇھەممەتنىڭ بۇ خىزمىتىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلىشىمىز كېرەك.

كەڭ دائىرىلىك تۈرك تىلى لۇغىتى بولغان «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» يېقىنغىچە مەلۇم بولمىغان بىر ئەسەر ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى، يېقىنقى زامانلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئەھۋالنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. تارىخچى ئايىنتاپلىق بەدرەتتىن ئەينى، «ئىقدۇل جۇمان فى تارىخى ئەھلى ئىززامىن» («زامان ئەھلىنىڭ تارىخىدىن ھەقىقىي ئۈنچىلەر») ناملىق ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى توملىرىدا تۈرك تارىخى ۋە ئېتنولوگىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى سەل قىسقارتىپ ئېلىپ، «مەھمۇد كاشغەرىنىڭ لۇغىتىدە كۆرگەنمەن» دېيىش ئارقىلىق «دىۋان» دىن ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە كاشغەرلىق ئالىملاردىن مىسىردا ئولتۇراقلاشقان ئالىم ئىبنى مۇھەممەتنىڭ «تاجۇس سائادەت» («سائادەت تاجلىرى») ناملىق ئەسىرىدىكى بەزى جۈملىلەر، شۇنىڭدەك ئەندۇلۇسلۇق ئەبۇ ھەييانىنىڭ «كىتابۇل ئىدراك» ناملىق كىتابىدىكى بەزى جۈملىلەرمۇ بۇ يازغۇچىلار «دىۋان» نى كۆرگەنلىكىنى ۋە ئوقۇغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئۇلۇغ تۈرك ئالىمى كاتىپ چەلەبىمۇ «دىۋان»نى كۆرگەن بولۇپ، بىبلوگرافىيىلىك ئېنسىكلوپېدىيە ھېسابلانغان «كەشفۇز زۇنۇن» («گۇمانلارنى ئېچىش») ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە سۆزلەيدۇ. (مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىقى نەشرى، 1 ـ توم، 808 ـ بەت)

ئىلگىرىكى تۈرك ۋە ئەرەب ئالىملىرىغا مەلۇم بولغان بولسىمۇ، كېيىنكى يىللاردا ئۇنتۇلۇپ قالغان «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ئەللىك يىل بۇرۇن ئىستانبۇلدا تېپىلدى. ساۋەلىك مۇھەممەت تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ يېزىلغان بۇ يازما نۇسخا ئاتاقلىق بىبلوگرافىيە مۇتەخەسسىسى ئەلى ئەمىر ئەپەندىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەينى زاماننىڭ باش مىنىستىرى تەلئەت پاشانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بۇ نۇسخا ئىستانبۇلدا كىلىسلى رىفات بىلگەنىڭ باشچىلىقىدا (1915 ـ 1917 ـ يىللىرى) ئۈچ توم بولۇپ بېسىلىدۇ. ئەسەرنىڭ بىرىنچى تومى بېسىلىپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئۇلۇغ تىل يادىكارلىقى بىلەن ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك يازغۇچىسى مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە مەيلى تۈركىيىدە بولسۇن، مەيلى غەرب ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە بولسۇن، نۇرغۇنلىغان ماقالىلەر يېزىلدى، قەدىمكى تۈرك مەدەنىيىتى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا چىقتى. پروفېسسور كارل بروككېلمان 1928 ـ يىلى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ ئىندېكسىنى نەشر قىلدى.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» دا تۈرك تىل گرامماتىكىسى قائىدىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەلۇماتلار بار. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» نى يازغان چاغدا ئەرەب تىلى قائىدىلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، كىتابىنى «ھەمزە، سالىم، مۇزائەف، مىسال، ئۈچ ھەرپلىكلەر، تۆت ھەرپلىكلەر، غۇننە، ئىككى ھەرىكىسىز ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەر» دېگەندەك سەككىز بۆلۈمگە ئايرىغان. سۆزلەملەر ھەربىر بۆلۈمدە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە يېزىلغان. مەنىسىنى ياخشى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن جۈملىلەر تۈزۈلگەن. بۇنىڭغا ماقال ـ تەمسىللەر، خەلق شېئىرلىرىمۇ قوشۇمچە قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەسەر تۈركىي تىللار تارىخى جەھەتتە قىممەتلىك بىر مەنبە بولۇپ قالغان. مەھمۇد كاشغەرى ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك سۆزلەملەردىن پايدىلىنىپ، تۈركىي خەلقلەر تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئەپسانىلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى قاتارلىق تېمىلاردا مۇھىم ۋە ئەتراپلىق مەلۇماتلارنى بەرگەن. بۇ ساھەدە ئۆزىدىن بۇرۇن مۇنداق ئەسەرنىڭ يېزىلمىغانلىقىنى ھەقلىق ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەھمۇد كاشغەرى بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۇزۇن يىللار ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا، ھېسسىلارغا چىداشلىق بەرگەنلىكىنىمۇ يازىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» دا ئاساسلىق ئىككى خىل شېۋە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ بىرى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ كاشغەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئىشلىتىۋاتقان شەرقىي (خاقانىيە) تۈركچىسى، يەنە بىرى، غەربىي (ئوغۇزچە)تۈركچىدىن ئىبارەت. «دىۋان» دا ھەرخىل شېۋىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدىغان مول مەلۇماتلار

بار . بۇ مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتتىمىز .

«ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا تىل ، پەقەت شۇ بىرلا تىلنى بىلىپ ، پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە چەت ئەللەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدۇر . ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقلۇق بار . سوغداق ، كەنچەك ، ئارغۇ قەبىلىلىرى ئەنە شۇنداق ئىككى تىل بىلىدىغانلارغا كىرىدۇ . چەت ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدىغان خوتەن ، تۈبۈت خەلقلىرى ۋە تاڭغۇتلارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنداق . بۇلار تۈركلەر ئېلىگە كېيىنرەك كەلگەن . بۇلارنىڭ تىللىرىنى ئۆز ئورنىدا ئايرىم يازىمەن . جابارقا - ياپونىيىلىكلەر يىراقتا جايلاشقانلىقى ، چىن بىلەن ئۇلارنى چوڭ دېڭىزلار ئايرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ تىللىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس .

چىن ۋە ماچىن (يۇقىرى چىن ) خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ . بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈرك يېزىقى بىلەن يازىدۇ . شۇنىڭدەك ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ - دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن يەجۇج ۋە مەجۇجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس . تۈبۈتلارنىڭ ئايرىم تىلى بار . شۇنىڭدەك خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم تىلى ۋە ئايرىم يېزىقى بار . بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تۈركچى تىلدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە ، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شېۋىسىمۇ بار . ئۇيغۇرلار كىتابىنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركچى يېزىقنى قوللىنىدۇ . كىتاب ۋە خەت - چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار . رەسمىي خەت - چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ . بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ . مەن يۇقىرىدا شەھەر خەلقلىرى توغرىسىدا سۆزلىدىم .

سەھرا - قىر خەلقلىرىدىن بولغان چومۇللارنىڭ تىلى ئالاھىدە بىر تىل بولۇپ ، ئۇلار تۈركچىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ . قاي ، ياباقۇ ، تاتار ، باسمىل قەبىلىلىرىمۇ شۇنداق . ئۇلارنىڭمۇ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار ، جۈملىدىن تۈركچىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ .

قىرغىز ، قىپچاق ، ئوغۇز ، توخسى ، ياغما ، چىگىل ، ئوغراق ، چارۇق قەبىلىلىرى بىرلا خىل ساپ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدۇ . يەمەك ۋە باشقىرت تىللىرى ئۇلارغا يېقىن .

رۇم ئۆلكىسى يېنىدىكى بۇلغار ، سۇۋار ، پەچەنەكلەرنىڭ تىللىرى سۆزلەرنىڭ ئاخىرى ئىخچاملاشتۇرۇلغان ئايرىم بىر خىل تۈركچىدۇر . تۈركچى تىللىرى ئىچىدە ئەڭ يەڭگىل ئوغۇز تىلى . ئەڭ توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرىدۇر .

‹ئەرتىش - ئېرتىش› ، ‹ئىلا - ئىلى› ، ‹يامار› ، ‹ئىتىل - ئىدىل› ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىلى توغرا تۈركچىدۇر . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئوچۇق ۋە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيە (قاراخانىيلار ) نىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ . بالاساغۇنلۇقلار سوغدچە ۋە تۈركچە سۆزلىشىدۇ . تىراز (تالاس ) ۋە بېيزا شەھەرلىرىنىڭ خەلقلىرىمۇ شۇنداق . ئىسپىجاب شەھىرىدىن تاكى بالاساغۇنغىچە بولغان پۈتۈن ئارغۇ شەھەرلىرى خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدا بۇزۇقلۇق بار . كاشغەردە كەنچەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار . شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ . غەربتە رۇم ئۆلكىسىدىن شەرقتە ماچىنغىچە بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ بويى بەش مىڭ پەرسەخ ، ئېنى ئۈچ مىڭ پەرسەخ بولۇپ ، ھەممىسى سەككىز مىڭ پەرسەخ كېلىدۇ . بۇلارنىڭ ئورنىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەممىسىنى يەر يۈزى شەكلىدىكى دائىرە ئىچىدە كۆرسىتىپ ئۆتتۇم» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى خەرىتىدە بۇ تۈركچى قەبىلىلىرىنىڭ ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن ) .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، مەھمۇد كاشغەرى ئەسىرىدە تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن قەۋملىرىنىڭ تىللىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇلارنىڭ تارقىلىشلىرى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ، ئۆرپ - ئادەتلىرى ، ئەنئەنىلىرى ھەققىدىمۇ تەپسىلىي مەلۇماتلارنى يازغان . مەھمۇد كاشغەرى بەرگەن بۇ مەلۇماتلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا توپلانغان بولۇپ ، ئۇ بۇ مەلۇمات-

لارنى ئۆز يۇرتىدىكى چاغدىلا ئىنچىكىلىك بىلەن توپلىغان، كېيىن كىتابىغا كىرگۈزگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى خەرىتە تۇنجى تۈرك دۇنيا خەرىتىسى بولۇشى بىلەنمۇ بەك قىممەتلىكتۇر. يازغۇچى ئەسىرىدە نۇرغۇنلىغان قەبىلە ۋە يۇرت ئىسىملىرىنى ساناپ چىققان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەرىتىدە كۆرسەتمىگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دا خەلق شېئىرلىرى، مۇزىكىسى، ئەنئەنىلىرى، ئادەتلىرىگە كۆپ جاي ئاجرىتىلغانلىقىنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ يەنە بىر قىممىتى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەڭ قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ مىۋىلىرى توپلانغان. «دىۋان» دىكى شېئىرلارنى كارل بروككېلمان، ئەلى ئۇلۇۋى ئەلئۆۋۈ؛ ماقال - تەمسىللەرنى ئابدۇلئەھەت نۇرى، نەجىپ ئاسىم، فەرىت بىرتەك قاتارلىقلار توپلاپ، ھەربىرى بىردىن كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

## «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىشى

ئاساسىي تېكىستى ئەرەبچە بولغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى ئالدى بىلەن كىلىسلى رىشەت بىلگە تۈركچىگە تەرجىمە قىلغانىدى. كېيىن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرى ۋاقىتلىق... 

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى تۈركچىگە تولۇق تەرجىمە قىلىپ چىقىشتا بېسىم ئاتالاي غەلىبە قىلدى. بېسىم ئاتالاينىڭ تۈرك تىلى جەمئىيىتى نەشر قىلغان بۇ تەرجىمىسى ئۈچ توم تېكىست،

بىر توم فوتو نۇسخا، بىر توم ئىندېكس، جەمئىي بەش توم قىلىپ نەشر قىلىندى (1939 - 1943 - يىللار). ئۇنىڭدىن باشقا، دەھرى دىلچىن ئەرەب ئېلىپبەسى بويىچە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئىندېكسىنى ئىشلىگەنىدى. بۇ ئەسەر 1957 - يىلى تىل جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ (1915 - 1917 - يىللىرى) تېپىلىپ بېسىلىشى مەيلى تۈركىيىدە بولسۇن، مەيلى غەرب ئىلىم ساھەسىدە بولسۇن، چوڭ بىر ۋەقە بولدى. بۇ كىتاب ئەرەبچە يېزىق بىلەن ئۈچ توم قىلىپ بېسىلغاندىن كېيىن «دىۋان» ئۆز ئىچىگە ئالغان تىل، تارىخ، جۇغراپىيە، ئەپسانە - رىۋايەت، فولكلور، خەلق ئەدەبىياتىغا ئوخشاش ھەر خىل تېمىلار ئۈستىدە ھەر خىل تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى، ماقالىلەر يېزىلدى، كىتابلار نەشر قىلىندى.

تۈركىيىدە بۇ ساھەدە بولۇپمۇ پروفېسسور فۇئات كۆپرۈلۈ، زەكى ۋەلىدى توغان، ھۈسەيىن نامىق ئوركۇن، ئەھمەد جاپەر ئوغلى، كىلىسلى رىشەت بىلگە، نەجىپ ئاسىم يازىكسىز، ئەلى ئۇلۇۋى ئەلئۆۋۈ، ئابدۇقادىر ئىنان قاتارلىق تەتقىقاتچىلار «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى تۈرك تىلى ۋە تارىخى جەھەتتىن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، خەلق ئەدەبىياتى جەھەتتىن تەتقىق قىلدى ۋە ماقالىلەرنى يازدى.

غەرب ئىلىم ساھەسىگە كەلسەك، بولۇپمۇ ئاتاقلىق نېمىس، ۋېنگىر ئالىملىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ھەققىدە ھەر خىل ئەسەرلەرنى نەشر قىلدى. بۇ ئالىملار ئىچىدە ئاتاقلىق پروفېسسور كارل بروككېلمان، مارتىن هارتمان ۋە ۋېنگرىيىلىك پروفېسسور نىمەتنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

نېمىسلار بىلەن ۋېنگىرلاردىن كېيىن بەزى رۇس ۋە فرانسۇز ئالىملىرىمۇ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۈستىدە ئىشلىدى ۋە بۇ تېمىدا ھەر خىل ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

# ئىستۇدېنتلىرىمىز...

مۇتەللىپ مۇھەممەددىمىن

تۇرلۇك گۈزەل ئىستەك، ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم قويغان بىر ياش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بۇرۇلۇش. چۈنكى بىر ئىستۇدېنت مەيلى قايسى ساھە، قايسى كەسىپتە ئوقۇسۇن، نۇقتىلىق ھالدا شۇ ساھە، شۇ كەسىپتىكى ئىلىمنىڭ ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر تەرەپلىرىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى، كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق تەرەپلەرنىمۇ ئىگىلەش ۋە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئالىي مەكتەپ ھاياتى، ياشلىق جەزبىدارلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ئىستۇدېنتنىڭ ئۆز خەلقى ۋە ۋەتىنىنىڭ تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشىدا، بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشى ئۈچۈن ئۆزىنى ھەرقايسى جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ پۇرسەت.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىستۇدېنتلىرىمىز ئارىسىدىن نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئىلغار ياشلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئۆز كەسىپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە يېڭى يول ئاچتى، خەلقىمىز ئۈچۈن شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى، ئەنە شۇلار ئۆزىگە كەلگەن پۇرسەتنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەر، پۇرسەتنى چىڭ تۇتقانلار، ئۇلار بىزنىڭ ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ ئۈلگىسى. جەمئىيىتىمىزدىكى ئىلغارلارنىڭ ۋەكىلى، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئاتاپ تونۇشتۇرۇش بۇ ماقالىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. دېمەكچى، بىزنىڭ ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ساپاسى خېلىلا يۇقىرى، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزىمىزگە ئارتۇقچە تەمەننا قويۇشقا بولمايدۇ. بۈگۈنكى 21 ـ ئەسىر خىرىس دەۋرى، رىقابەت دەۋرى، ئۆگەنگۈچىلەر، ئىقتىدارلىقلار، قابىلىيەتلىكلەر بوسۇپ چىقىدىغان، ئەكسىچە بولغانلار ئۆز ھاياتىغىمۇ ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان دەۋر. ھالبۇكى بۈگۈنكى بۇ كۈندە، ياشلىقتىكى ئويۇن ـ تاماشىلار كەتسە كەلمەيدۇ دەپ رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئوقۇيدىغانلار يوقمۇ؟ خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالىملارنى، تالانتلىقلارنى، مەڭگۈلۈك مىراس ئەڭگۈشتەرلەرنى ئۆزگىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ، خەلقىنىڭ، شۇنداقلا ۋەتىنىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسىنى ئويلاشمايدىغان، باشقىلارنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئەخمەقلەر يوقمۇ؟ فېئودال چىرىك ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىن تېخىچە قۇتۇلالماي، ياخشى خىزمەت ھوقۇق ۋە پۇلدىن كېلىدۇ دەپ قارايدىغانلار يوقمۇ؟ دۇنيا نېمە كۈيدا، پۈتكۈل ئىنسانىيەت نېمىگە ئىنتىلىۋاتىدۇ؟ مېۋىلىك دەرەختىكى ياۋا شاختەك بولۇپ قالغانلار نېمىنى ئويلاۋاتىدۇ؟ مانا بۇلار ئىستۇدېنتلىرىمىز ئويلىنىشقا ھەم ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر.

ئىستۇدېنتلىرىمىز بىزدىكى ئالىي مەلۇماتلىقلار، يۇقىرى ساپالىقلار، ئۆز نۆۋىتىدە مىللىتىمىزنىڭ، جەمئىيىتىمىزنىڭ ۋەكىلى. دەۋر ئېھتىياجىدىن قارىغاندا بۈگۈنىنىڭ ۋە يېقىن كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىي قىلغان ئەللەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشىدا جەمئىيىتىمىز تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى ساپالىق، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىستۇدېنتلارغا مۇھتاج. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ساپاسى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۆگىنىشكە دېگەندەك كىرىشمەيدىغان، پەقەت نومۇر ۋە دىپلوم ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئەھۋاللار يەنىلا مەۋجۇت. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنى ھەر كىم ھەر خىل ئويلاشماقتا. بەزىلەر ئوقۇغۇچىنىڭ شۇ كەسىپكە قىزغىنلىقى يوق دەپ قارايدۇ؛ بەزىلەر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنى شۇ كەسىپكە، بىلىم ئېلىشقا قىزىقتۇرالمايۋاتىدۇ دەپ قاراشماقتا؛ بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى خىزمەت تەقسىماتى ئادىل ئەمەس، يەنى ئۆز كەسىپكە تەقسىم قىلىنمايدۇ، ياكى ياخشى ئوقۇغانلار بىلەن ناچار ئوقۇغانلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتى پەرقلىق ئەمەس؛ يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە غەرب مەدەنىيىتى ياشلاردا ناچار ئىستىل، يامان، ناتوغرا ئىدىيە پەيدا قىلىپ قويغان. ئەلۋەتتە يۇقىرىقى ئامىللارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئالدى بىلەن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، ئالىي مەكتەپكە قەدەم قويغان بىر ياش ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەش، كەسىپ ئۆگىنىش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش

ماھارىتىنى، ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش ئەڭ مۇھىم. ئىستۇدېنتلارنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ئۆگىنىش بولۇپ، بۇنىڭدىن قالغاندا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى، دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى چۈشىنىش، ئىستۇدېنتلىرىمىزدا كەسىپكە، زامانىۋى بىلىملەرگە نىسبەتەن يېڭىچە قىزىقىش ۋە ئويلىنىش پەيدا قىلالايدۇ.

ياشلار پسىخىكىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، يېڭى شەيئى، يېڭى ئىدىيىنى قوبۇل قىلىشى تېز، غالىبلىق ئىدىيىسى كۈچلۈك، بۇ خىل پسىخىك ئالاھىدىلىك ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى. بۇ خىل ئارتۇقچىلىقنى ياخشى جارى قىلدۇرالماسلىق ئۇلارنى يەنە نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارغا باشلاپ مېڭىشى مۇمكىن. ئىستۇدېنتلىرىمىزنى تەپسىلىي كۆزەتسىڭىز مۇنداق ئەھۋاللارنى بايقايسىز. ئۆگىنىشتە ياخشىلار بىلەن ناچارلارنىڭ بېرىش - كېلىشى روشەن ئايرىلغان؛ كىتاب ئوقۇيدىغان، قوشۇمچە كەسىپ ئوقۇيدىغانلار بىر يولدا، ئويۇن - تاماشا، تانسا، دىسكولارغا قىزىقىدىغانلار ئايرىم بىر دۇنيا؛ ئۆگىنىشتە ئالاھىدە ياخشىلار ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كۆرۈنەرلىك ئەمەس، «پائالىيەتچانلار» ئۆز مۇناسىۋىتى ئارقىلىق «نەتىجە»گە ئېرىشىۋاتقان. مېنىڭچە بۇ بىر خىل نورماللىق، ئىستۇدېنتلار بىر - بىرىگە بولغان تەسىر رولىنى تولۇق چۈشىنەلىگەندە بۇ خىل ئايرىملىقلار ئازىيىشى ۋە يوقىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ياشلارغا نىسبەتەن ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تەسىرى روشەن ھەم چوڭقۇر بولىدۇ. شۇڭا ئىستۇدېنتلىرىمىزدىكى «ياۋا شاخ»لارنى تۈزەشتە ئىستۇدېنتلار ئۆزىگە تايىنىشى كېرەك. ئىستۇدېنتلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئىجابىي تەسىر ئۇلاردا توغرا بولغان دۇنيا قاراش، تۇرمۇش قارىشى، ئىقتىساد قارىشى، رىقابەت قارىشى، گۈزەللىك قارىشى تۇرغۇزۇپ، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىمىزدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى مول يۇقىرى ساپالىقلارنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ياشلار بولۇپمۇ ئىستۇدېنتلىرىمىز ئۆزلىرىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى تونۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى، ۋەكىل خاراكتېرلىك رولىنى تولۇق چۈشىنىپ، بىر - بىرىگە ھەمدەمدە بولۇپ ئىلگىرىلىگەندىلا ئۆزلىرى بىلەن بىللە تېخىمۇ كۆپ ئىلغار ياشلارنى ۋە تالانتلارنى باشلاپ چىقالايدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز شۇنداق ئىستۇدېنتلارغا مۇھتاج.

ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى مۇكەممەل يېتىلگەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى بىلەن مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىدۇر. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئورگانلارنىڭ كارخانىلىشىشىنى، كارخانىلارنىڭ خۇسۇسىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. نەتىجىدە خىزمەتكە ئورۇنلىشىشتا دۆلەت بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىستۇدېنتلار ئۆزى خىزمەت تېپىشقا يۈزلەنمەكتە. ئەلۋەتتە، بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈنىلىشى. دېمەك، ئىقتىدارلىقلار جەمئىيەتتىن ئۆز - ئۆزىنى تاپالايدۇ. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى يۇقىرى، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئويلىيالايدىغان ئىستۇدېنتلار مەيلى ئۆز كەسپىنى ئىشلىسۇن ياكى باشقا كەسىپكە ئورۇنلاشسۇن، مەيلى جەمئىيەتنىڭ قايسى قاتلام، قايسى ئورۇندا بولسۇن ھامان ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش نۇقۇل ھالدا ياخشى خىزمەت ئورنى تېپىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن. بىر ئىستۇدېنت ئۆزىنى ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەندىلا جەمئىيەت ئۇنى تاشلىۋەتمەيدۇ. ياخشى خىزمەت، گۈزەل ھايات ئۇنى ھامان ئىزدەپ تاپىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۆز كەسپىنى ئىشلەپ تۇرۇپمۇ ھېچبىر نەتىجە قازىنالماي، ھەتتا تىرىشىپ كەسپىي بىلىمىنى ئاشۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقانلار بارغۇ. ئەكسىچە، ئالىي مەكتەپ يۈزى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ شان - شەرەپ قۇچۇۋاتقانلار ئاز ئەمەسقۇ؟

ئىستۇدېنتلىرىمىز ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ بىر پۇرسەت، ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش مەيدانى. ئىستۇدېنتلارنىڭ ھايات يولىدا خەلقىمىزنى گۈللەندۈرۈش، ۋەتىنىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن قول تۇتۇشۇپ زەپەر قۇچۇشىنى كىممۇ ئارزۇ قىلمىسۇن. بىزنىڭ ئىستۇدېنتلىرىمىز باشتىن ئاخىر ھەممە ئىشتا ئۆزىگە، خەلقىگە، جەمئىيەتكە ۋە ۋەتەنگە قايىل قىلارلىق جاۋاب تاپالىشى كېرەك. مېنىڭچە بۇ ھەربىر ئاتا - ئانىنىڭ، ھەربىر ئوقۇتقۇچى - ئۇستازنىڭ شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدى، بىز يەنىمۇ كۆپ يارامىلىق ئىستۇدېنتلىرىمىزغا مۇھتاج.

**مۇئەللىپ: شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن**

# ھايات ساۋاقلىرى

## ئىبراھىم ھەققۇلوف

### تەبىئەت ـ گۈزەللىك ۋە ھۆرلۈك قۇ-
### چىقى

«تەبىئەت بىلەن ئورتاق تىل تاپالىغ ھېچقان-
داق ۋاقىتتا كەمبەغەللەشمەيسەن . سېنى ئادەملەر-
نىڭ پىكىر مۇلاھىزىلىرى ئەمەس ، بەلكى تەبىئەت
دۆلەتمەن قىلىدۇ» دەيدۇ يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن
بىرى . بۇ گەپنى بىر تەرەپلىمە چۈشەنمەسلىك كې-
رەك . ئاخىر دىلى تەبىئەتكە باغلانمىغانلار ـ باغرى
تاش كىشىلەر ئەمەسمۇ ؟ باھارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ۋە
ياڭراق ئاھاڭلىرى بىلەن كۆزنىڭ كىشىنى مەست
قىلىدىغان سادالىرىغا ھەۋەس قىلمايدىغان كۆڭۈل-
لەردە خۇشاللىق ۋە دەرد ـ ھەسرەت دېگەنلەر نېمە
قىلسۇن ؟

تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتا-
يىن قەدىمىي ھەمدە دائىملىق بىر جەريان . ئىنسان
دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا تەبىئەت باغرىدا ياشايدۇ .
ئادەم تەبىئەتتىن قانچە يىراقلاشسا ، ئۇ روھىي تە-
رەپتىن شۇنچە قەھەتلىنىپ ، يامانلىق ۋە ياۋۇزلۇق
تۇيغۇلىرىغا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ . تەبىئەت باغرى
ئادەمگىمۇ ، ھايۋانغىمۇ ئوچۇق . بىراق ئادەملەر
توپى بەزىدە تەبىئەتكە ھايۋانلارمۇ قىلمايدىغان دەھ-
شەتلىك ئىشلارنى راۋا كۆرىدۇ . بۇ ـ رەزالەت .
بۇ ـ ۋەتەن ، خەلق ۋە ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن رە-
ھىمسىزلىكتۇر . بۇلار ھەققىدە ئويلانسالىڭ خىيالىڭ
ئىختىيارسىز تارىخقا قايتىدۇ . ئۆتمۈش زاماندا ئا-
دەملەر دەرەخلەرگە سېغىنىشقان . بىرەر دەرەخنىڭ
قۇرۇشى ياكى نابۇت بولۇشىنى زور پاجىئە ، دەپ
ھېسابلاشقان ، ئازابلىنىشى ، دەپ بىلىشكەن . دە-
رەخلەر شان ـ شەرىپى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئاجا-
يىپ مۇراسىملارنى دېمەمسىز تېخى ؟

ئەپسانىلارغا قارىغاندا ، مۇسا پەيغەمبەر خۇدا-
نىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئىشقى بىلەن ئۇنى ئىزۇنغىچە
ئىزدەپتۇ . ئاخىر ئۇنى تەبىئەت باغرىدىن تېپىپتۇ .
كۆيۈۋاتقان بىر دەرەخ : «مانا ، مەن خۇدامەن !»
دېگەنمىش ئۇنىڭغا . بۇ ئەپسانىنىڭ مەركىزىدە :
«ئەي ئادەم ، ئاۋارە بولما ، سېنىڭ تەڭرىڭ تەبى-
ئەتتۇر» دېگەن پىكىر ياتىدۇ .

... تەسەۋۋۇر ۋە خاتىرە قاشقاشلىقى ئادەم-
نى تەبىئەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ . ئۇنداق بولمىغان-
دا ، بىز ئەسىرلىك ۋەقەلەرگە گۇۋاھ بولغۇچى
چىنارلارنى دانا ۋە مېھرىبان بوۋىلىرىمىزنى سۆيۈ-
گەندەك سۆيۈپ ، ئۇلارنىڭ سىرلىق شىۋىرلاشلى-
رىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن بولات-
تۇق . يېزىلاردىكى كاللا قىلىۋېتىلگەن ئۈجمە يا-
غاچلىرىنى كۆرسىگىز يۈرىكىگىز ئېچىشىدۇ . دە-
رەخلەر ـ بىزنىڭ دوستىمىز ۋە قېرىندىشىمىز .
ئۇلار ئانىمىزدەك ساخاۋەتلىك . گۈزەل قىزلارنىڭ
گۈلگە ئوخشىتىلىشى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن ئەمەس .
قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىنسانغا يېقىنلىقىنى تەس-
تىقلىگۈچى ھېسابسىز رىۋايەت ۋە ئەپسانىلار بار .
نىزامىي گەنجىۋىنىڭ «خۇسراۋ ۋە شىرىن» داستا-
نىدا پەرھاد تەلەيسىز ئاشىق يىگىت تىمسالىدا كۆر-
سىتىلگەن . ئۇ ، ئۆز جەمئىيىتىگە سىغمىغان ،
زورلۇق مۇھىتىدىن بەزگەن قەھرىمان . ئۇ ئادەم-
لەرنى تەرك ئېتىپ ، چۆل ـ جەزىرىلەردە ھايۋانلار
بىلەن دوستلىشىدۇ . ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوۋچىلار
جەبىرىدىن قاچان ياۋايى جاندارلار توپلىنىدۇ . ئۇ-
لار پەرھادقا مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىدۇ . بۇ
ھايۋانلارنىڭ بىرى پەرھادنىڭ ئورنۇن ـ كورپىسى
بىلەن چېدىرىنى كۆتۈرىدۇ . ئىككىنچىسى ئۇنىڭ
قول ۋە ئېتەكلىرىگە سۆيۈپ ئەركىلەيدۇ . ئۇنى
كۈندۈزلىرى كېيىكلەر يالغۇز قويمايدۇ . تۈنلىرى
بۆغىلار ئۇنىڭ بىلەن سىرداشىپ ، ئىشىق دەردى
بىلەن ھىجران غۇسسىلىرىنى يەڭگىللىتىدۇ . پەر-
ھاد ئادەملەردىن كۆرمىگەن خەيرخاھلىقنى ھايۋان-
لاردىن كۆرىدۇ . مۇھىت ۋە جەمئىيەتتىن تاپالمى-
غان ئەركىنلىكنى ئانا تەبىئەت قۇچىقىدىن تاپىدۇ .
... قەدىمكى ھىندى ئېپوسى «ماخابخاراتا»
ھېكايەتلىرىدىمۇ ئىغىر ئىجتىمائىي مۇھىت ھالى-
دىن كەتكۈزگەن ، يامانلىق ۋە ناھەقلىقلەردىن بۇ-
رەكلىرى سىجىلغان ئايرىم قەھرىمانلار ئۆزلىرىنى
تەبىئەت باغرىغا ئۇرىدۇ . قىزىقى شۇنىڭدىكى ، ئۇ-
لار قۇشلار ۋە ھايۋانلار بىلەن دوستلىشىپلا قال-
ماي ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى كىيىملىرىنى تاشلاپ
ئوت ـ چۆپلەر بىلەن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ نوتىلى-
رىدىن توقۇلغان كۆڭلەكلەرنى كىيىپ يۈرۈشىدۇ.

ئۇلار بۇنداق كىيىملەر ئىنسان قەلبىنى بىزەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي يازىدۇ:

تونۇغە يۈزسۈرەتگەر ئالمەن، چەمەندە ھەر شەجەر،
ئوخشەسە قەددىڭگە، سۈرەتي بارچە ياپراغىغا يۈز.

لىرىك قەھرىمان يارىنىڭ تونغايۈزىنى سۈرتۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئۇنىڭدا يېتەرلىك ئىشەنچ يوق. شۇڭا ئۇ: «تەبىئەتتىكى قايسى دەل ـ دەرەخ سېنىڭ قەددىڭگە ئوخشىسا، ئۇنىڭ ياپراقلىرىغا يۈزۈمنى سۈرتۈپ بېرىمەن» دەيدۇ. بۇ بېيىتتا، بىرىنچىدىن، دەرەخ ئادەملەشتۈرۈلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ بەستى بىلەن يارىنىڭ قامىتى ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. ئىككىنچىدىن، دەرەخ بەرگىلىرىگە يۈز سۈرتۈش يۇقىرىقى ئېپوس قەھرىمانلىرى كىيگەن توقۇما كۆڭلەكلەرنى ئەسكە چۈشۈرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدە تەبىئەت ئەڭ ئالدى بىلەن بىردىنبىر ھۆرلۈك تايانچى، ئەرك سەلتەنىتى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ. راست، تەبىئەت بىلەن ئىنساننى ئايرىپ بولمايدۇ. بىز بالىلىقىمىزدا كۈن ۋە تۈنلىرىمىزنى ئانا تەبىئەت قوينىدا ئۆتكۈزىمىز. ئۇ چاغدىكى چۈشلىرىمىز كۆپىنچە قۇشلار بىلەن بىر تىلدا سۆزلىشىش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ سۇلىرىنى ئەگىشىپ يۈگۈرۈش، چوڭلارغا بىلدۈرەلمىگەن بالىلىق ئىستەكلىرىنى دەل ـ دەرەخلەرگە ئىزھار قىلىشتۇر.

تەلبەلىك كۆركىم، قۇچارمەن باغ ئارا ھەر سەرۋىنى، كۈن ئۆتۈپ ئول سەرۋى قەددى سىيمبەر بولغايمۇ. دەپ يازىدۇ ئەلىشىر نەۋائىي. بۇ ئاشىقانە پىكىر. لېكىن ئۇ باشقا جەھەتلەردىنمۇ قىممەتلىك. بالىلىقىدا ھەركىمنىڭ جىممىتە بېرىپ قۇچاقلايدىغان دەرەخلىرى بولىدۇ. ئۇلارنى قۇچاقلاپ كىمدۇر شادلانغان، كىملەردۇر ئۆكسۈپ يىغلىغان. بۇ دەرەخلەرنى قايسىدۇر بىر بالىنىڭ شېرىن ئارمانلىرى لەرزىگە سالغان. نەۋائىينىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرى كىشىنى شۇلار توغرىسىدىمۇ ئويلاندۇرىدۇ، ئادەمنى تەبىئەت ئالىمىدىن زوقلىنىش، ئۇنىڭ بىلەن ھەمنەپەس بولۇش، ئۇنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ كۆرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ناخشىسىنى ئاختۇرۇپ دالالار، ئورمانلار ۋە دەريالار ئۇزرە ئۇچقۇۋاتقان شامال، تۈن سۈكۈناتىدا شىۋىرلاۋاتقان يۇلتۇزلار، بۇلۇتلار كەينىدىن مارلاۋاتقان ئاي، جۇشقۇنلاۋاتقان شەۋقىغە تولۇپ ئېقىۋاتقان پاكىز بۇلاق، ئاسماننىڭ كۆز يېشى بولغان يامغۇر، ھەر بىرى ئۆز پەيزى ۋە كۆركىگە ئىگە بولغان يىل پەسىللىرى ـ كۈز، قىش، باھار، ياز قاتارلىقلار قەدىم ـقەدىمدىن تارتىپ شائىرلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ كەلگەن. مەلۇمكى، تەبىئەت شېئىرىيەتتە مەنزىرە ياكى پوئېتىك تەسۋىر ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئەكسىنى تاپىدۇ. لېكىن ئۇ ھەر ئىككىلا ھالەتتىمۇ شەخس قەلبى، روھى، دەردى ۋە خۇشاللىقى بىلەن ئۇيغۇنلاشقان بولىدۇ. شەرق شېئىرىيىتى تارىخى خاس تەبىئەت قامۇسىدۇر.

* * * * *

تەبىئەت ـ بۇ ئالدى بىلەن ھايات ۋە تىرىكلىك تەنتەنىسى، روھ ۋە گۈزەللىك مەنبەسى سۈپىتىدە تۈگىمەس ۋە چېكىرىسىزدۇر. ئۇنىڭ ئۆزى شائىر، كەشپىياتچى ۋە تەڭدىشى يوق مىماردۇر. تەبىئەت بىلەن باغلىق بولغان ھەممە سۆز، رەڭ، ئاھاڭ ۋە تەسۋىر ئۇنىڭغا تەبىئىي ماس بولۇشى كېرەك.

## تىلغا ئېتىبار ـ ئەلگە ئېتىبار

رىۋايەت قىلىنىشىچە ،قەدىمكى زاماندا ئاقىل بىر ئادەمنىڭ گۈزەل قىزى بولغان ئىكەن. شۇ دىلبەرگە ئىككى پەرىشتىنىڭ ئىشقى چۈشۈپتۇ .قىز ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە كۆڭۈل بېرىشنى بىلمەي قاپتۇ. پەرىشتىلەر قىزنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش ئۈمىدىدە ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. لېكىن قىز ئۇلارغا شۇنداق دەپتۇ: «مەن يۇرت پەرزەنتى بولالايدىغان ئوغۇلغا ئانا بولۇشنى خالايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئۇنى قانداق تەربىيىلەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىشىم كېرەك. ئەنە شۇنىڭغا قاراپ، مەن سىزلەرگە قارارىمنى ئېيتىمەن.»

«بۇ ئىش پەقەت مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىمەن. ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىدىن دەرس ئالىدۇ. سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەجنەبىي تىللارنى ئىگىلەيدۇ. دۇنياغا ئۆز نامىنى تارىتىدۇ» دەپتۇ بىرىنچى پەرىشتە.

نۆۋەت ئىككىنچىسىگە كەلگەندە، ئۇ دەپتۇ: «ئىنسان ئۈچۈن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان بايلىق تىل. ئانا تىل بولىدىكەن، ۋەتەن، خەلق بولىدۇ. خەلقنىڭ ئۆمۈر ئۆلچىمىنى ئۇنىڭ تىلى بەلگىلەيدۇ. دۇنيادىكى ھەممە گۈزەللىك ۋە سېھرىي كۈچ تىلدا بولىدۇ. ئىنسان ئانا ئەللىيىنى بىرىنچى بولۇپ ئەنە شۇ تىل ۋاسىتىسىدا ئاڭلايدۇ. مەن ئوغلۇڭنى تىلغا خىيانەت قىلماسلىققا ئۆگىتىمەن. ئۇنىڭغا ناخشا، چۆچەك ۋە داستانلارنى ئېيتىپ بېرىپ، سېنىڭ لەتاپىتىڭگە لەتاپەت قوشۇپ تۇرغان ئانا تىلىمىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان

قىلىشقا ئۈگىتىمەن .»

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئالىم پەرىشتە قاقا قلاپ كۈلۈپ ، رەقىبىنى ئەقلى كەملىكتە ئەيىبلەپتۇ ، ئوتتۇرىدىكى تالاش ـ تارتىش ئاخىر جاڭجالغا ئايلىنىپتۇ .

«جېدەللەشمەڭلەر ، ـ دەپتۇ قىز ، ـ يۇرتىمىزدا بىر ئۇلۇغ دانىشمەن بار ، ئۇنىڭ يېنىغا بارىمىز . ھەممە نەرسە شۇ يەردە ھەل بولىدۇ . ئۇنىڭ ھۆكمى مەن ئۈچۈن قانۇن .»

ئۇلار ھېلىقى دانىشمەننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ . ئۇ ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن ھەممە گەپ ـ سۆزنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى «كەم ئەقىل» پەرىشتىگە دەپتۇ : «قىز سېنى ياخشى كۆرىدۇ ، يوقمۇ ، بۇنى بىلمەيمەن ، لېكىن ئاتىلىق شەرىپىگە سەن لايىقسەن .»

بۇ تەربىيۋى قىممىتىنى زادى يوقاتمايدىغان رىۋايەت . بىرىنچىدىن ، ئۇ ئانا تىلنىڭ قىممىتى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن ھەمىشە قايغۇرۇش زۆرۈرىيىتىنى ، ئىككىنچىدىن ، تىلىنى سۆيمىگەن ئادەم ھەر قانچە ئوقۇمۇشلۇق بولغان شۆھرەتلىك ئادەم بولسىمۇ ، ھەقىقىي خەلقپەرۋەر بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

بۈيۈك يازغۇچى ۋە شائىرلار مانا شۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىشىنىڭ ۋىجدانى مىزانى قىلغان . ئۇلار يازغان ئەسەرلىرى بىلەن ئانا تىلنىڭ پاكلىقىنى ھىمايە قىلىپ ، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىشقا ئەمەلىي ھەسسە قوشقان .

تىل ـ خەلقنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى يورۇقلۇققا چىقىرىدىغان ئامىلدۇر . ئەگەر خەلقتە ئىجادىي نەپەس سۇسايسا ، تىلنىڭ تەرەققىيات ھەرىكەتلىرىمۇ بوششىپ ئاستىلايدۇ .

خەلق روھى ۋە تەپەككۇرىنىڭ توختىشى ـ تىل تەرەققىياتىنىڭ زاۋالى . ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ـ ئۆلمەس غايىلەر تەسۋىرلەنگەن تىلدۇر . شۇڭا نەۋائىي ئۇمۇرلۇك زامانىۋى سەنئەتكار ، تىلىنىڭ كېلەچىكى ۋە ئىستىقبالىنىڭ پاسىبانى سىماسىدا مەڭگۈ ياشايدۇ .

دۇنيادا كەمسىتىلىدىغان تىل يوق . ھەر قانداق بىر تىل ئۆزىچە گۈزەل ۋە قىممەتلىك . لېكىن بۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇنداق بىر ئۆياتلىق نادانلىق بار ، ئۇ بولسىمۇ ئىجادىيەت ئەھلىنىڭ ئۆز تىلىغا چوڭقۇر مۇھەببەت قويماسلىقى . مەلۇمكى ، نەۋائىي دەۋرىدە پارسىي تىل نوپۇزلۇق تىل ھېسابلانغان . تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ مۇنداق ئاستا ئالغا سىلجىشىغا شۇ ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ كۆپىرەك ئۆز تىللىرىدا ئەمەس ، پارسىيدا ئىجاد قىلىشقا بېرىلگەنلىكى سەۋەب بولغان . ئەلىشىر نەۋائىي «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن» ئەسىرىدە بۇ مەسىلىگە جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتىپ يازىدۇ : «بۇ خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان ئىجاد ئەھلى سالاھىيەت ۋە ئىستىبداتلىرىنى ئۆزگە تىل بىلەن ئىپادە قىلمىغان بولسا . . .» دېمەك ، نەۋائىيدا باشقا تىلغا قىلچىمۇ ھۆرمەتسىزلىك تۇيغۇسى بولمىغان .يازغۇچى ياكى شائىر ئۆزى خالىغان بىرەر مىللەت تىلىدا قەلەم تەۋرىتىشى مۇمكىن . لېكىن ئۇ ئانا تىلىغا ئۆگەيلەرچە مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك . ئاخىر مىللىي تىلنىڭ سېھىرلىك ئىچكى كۈچىنى ، مۇزىكا ۋە ئاھاڭلىرى بىلەن ئۇنىڭ رەڭدارلىقىنى خەلققە يازغۇچى ، شائىر يەتكۈزمىسە كىم كۆرسىتىدۇ ؟ نەۋائىي تىل ۋە تەپەككۇر ، سۆز ۋە ئىنسان كامالىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن . شائىر بىر ئورۇندا : «كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى تىل ۋە ئۇ خەزىنە كىلىتىنى سۆز بىل» دەپ نەسىھەت قىلسا ، باشقا بىر جايدا سۆزنى كۆڭۈلنىڭ جاۋاھىرى ، دەپ باھالايدۇ . سۆز شۇنداق بىر بۈيۈك ، شۇنداق بىر ئىلاھىي كۈچكى ، ئۇ «ئۆلگەن ئادەمنىڭ تېنىگە روھ» بېغىشلىشى ياكى تىرىك روھنى ھالاك قىلىشى مۇمكىن .

سۆزنىڭ ياخشىسى ۋە ئېتىبارلىقى ـ راست ۋە چىن سۆز ، ئەڭ يامىنى يالغاندۇر . راست گەپ قىلىپ ، توغرىلىقنىڭ تەرغىباتچىسى بولغانلار ـ دانا ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەردۇر . رىياكارلار ـ ئالدامچى ، مەككار ، ھەقىقەت ئالدىدا يۈزى قارا كىشىلەردۇر . يالغانچىلار گەپلىرىنى ئەل ئىچىدە بىرەر ـ ئىككى قېتىم ئاققۇزۇشى مۇمكىن ، لېكىن سىرى پاش بولغاندىن كېيىن بەرىبىر رەسۋا بولىدۇ . ئەل ئۇنىڭغا ئىككىنچى ئىشەنمەيدۇ .

نەۋائىينىڭ پىكرىچە ، تىل ئىنساننى ھايۋاندىن ئاجراتقۇچىدۇر . ، شۇڭا ئۇ ھايۋاندەك پىشقىرىپ يۇرمەسلىكى ، يېقىنلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس ، بەلكى باشقىلار ئالدىدىمۇ شېرىن سۆزلۈكى بىلەن يېقىن ۋە سۆيۈملۈك بولۇشى لازىم . ئەل ھەر قاچان پىكىر ، سۆزلىرى يېقىملىق ، يۇمشاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن كۆرىدۇ . بۇنداقلارنىڭ سۆزلىرى ئەقىل ۋە ھېكمەتكە تولغان بولۇپ ، دۈشمىنىنىمۇ يار ۋە بۇرادەرلىرىگە ئايلاندۇرىدۇ .

«كىمنىڭ مىجەزىدە ئىللەت بولسا ، ئۇنىڭ سۆزىدە باغلىنىش يوق ، مىجەزى ساغلام بولسا ، گەپ ـ سۆزىمۇ يېقىملىق ۋە خاتاسىز» دەيدۇ ئەلىشىر نەۋائىي . دېمەك سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ ، مەنە ۋە مەنتىقىلىق تەلەپلىرى بىلەن گەپ قىلىش ـ ئەقلەن ساغلاملىق ئالامىتىدۇر . لېكىن ئەقىل ـ ھوش يۈكسەكلىكىنىڭ يەنە

بىر تەرىپى بار ، بۇ - كۆپ گەپ قىلماسلىق .
نەۋائىينىڭ پىكرى بويىچە قىسقا ئېيتساق ، قىسقا
سۆزلىگۈچى كىشىنى ئەقىللىق ئۇندىگۈچى ، كۆپ
ۋايسىغۇچى كىشىنى بىزار قىلغۇچىدۇر . پىكرى
قابىلىيىتى سۇس مەمەدانە شەخس تىلغا پەرۋاسىز
قارايدىغان ناتەھلىلەردۇر . نەۋائىي ، كىيىنى تىز-
گىنلەشنى بىلمەيدىغان مەمەدانىلارنى قارىلاپ يازى-
دۇ : «تىلغا ئېتىبارسىز- ئەلگە ئېتىبارسىزلەر-
دۇر . كۆپ گەپ قىلىدىغان مەمەدانە - تاڭ ئاتقۇچە
قاۋاپ چىقىدىغان قوتۇر ئىتقا ئوخشايدۇ . »

قارىماققا بۇ پىكىرلەر ئاددىيتىكچىدەك كۆرۈ-
نىدۇ . شۇڭا نەۋائىي ئۆز شېئىرلىرىدا باشقىچە
يول ، ئۆزگىچە ئۇسۇل تاللايدۇ . ئۇلاردا تىلغا ئې-
تىبارسىز قاراشتىن كېلىدىغان ئاقىۋەتلەر تۈر-
لۈكچە ئۇسۇللاردا ئىسپاتلىنىدۇ . مانا مۇشۇنداق
شېئىرلارنىڭ بىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى :

نەۋائىي تىلنىڭ ئاسرىغىل زىنھار ،

دېمەڭ كىم ، يېمەي دەھر ئىشىدىن فۇسۇس .

بۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى بېيىتى . بۇنىڭدا شا-
ئىر : «دۇنيا ئىشلىرىدىن ئەپسۇس چەكمەي دېمەڭ
تىلىڭغا ئېھتىيات بول ، ئۇنى ئاسرا» دەۋاتىدۇ . بۇ
يەردىكى ئاساسىي مۇددىئا ئوقۇرمەن ئېڭىغا سىڭدۈ-
رۈلمەكچى بولغان مەقسەت تىلنى ئاسراشقا بولغان
دەۋەت . لېكىن بۇ دەۋەت كىملەرگىدۇر تېز يېرىپ
يېتىشى ، بىراۋلارنىڭ ئېڭىغا بولسا ھەتتا تەسىرمۇ
قىلماسلىقى مۇمكىن . بۇ ھال قانداقتۇر بەدىئىي
دەلىللەرنى كەلتۈرۈش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرغان .
كېيىنكى مىسرالار ئەنە شۇ نىيەتتە يېزىلغان :

نەزەر قىلسىكى ، ئوق ئاغزى تىلسىز ئۇ-
چۇن ،

قىلۇر تاجۋەرلەر بىلەدە سىتبۇس .

نېچەتاجۋەردۇر كېسەرلەر باشىن ،

چۇ ھەڭگامەسىز نەغمە تار تار خۇرۇس .

بۇ قۇرلاردىكى پىكىر ۋە ماھىيەتنى ئېنىق
بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىش ئۈ-
چۈن ، ئۆتمۈشتىكى بىر قىسىم ئەپسانە ۋە رىۋايەت-
لەرگە مۇراجىئەت قىلىش زۆرۈر .

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىچە ، يا بىلەن
ئوق خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغاندۇر . بىزنىڭ ئەج-
دادلىرىمىزمۇ يانى شاھقا ، ئوقنى ئەلچىگە نىسبەت-
لەشتۈرگەن . ئوقنىڭ ھەرىكىتى ياغا باغلىق . شۇ-
نىڭ ئۈچۈن تۈركلەردە يا ھۆكۈمرانلىقنى ، ئوق
بولسا ئۇنىڭغا بولغان تابىئەلىك ۋە بېقىندىلىقنى
بىلدۈرگەن . ئەگەر بىر قەبىلە ئىككىنچى بىر قەبى-
لىگە ئوق ئەۋەتسە ئۇ ئىككى مەنىنى بىلدۈرگەن ،
بىرىنچىسى ، ھۆرمەت ، ئىككىنچىسى قارامىلىق
ۋە تابىئەلىك . ئەڭ قەدىمكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە
تۈركىي خەلقلەردە ھەر بىر قەبىلىنىڭ مەخسۇس
ئوقى بولغانلىقى يېزىلغان . نەۋائىي ئەنە شۇ چۈ-
شەنچىلەرگە تايىنىپ ، ئوقنىڭ تىلسىزلىقىدىن
سۆز ئاچقان . ئەمما بۇ يەردە شائىر ئۈچۈن مۇھىمى
- ئوق باھانىسىدە تىلنى ئاسراش ھەقىقىتىگە ئوقۇ-
غۇچىنى ئىشەندۈرۈشتۇر . تۆۋەندىكى بېيىتنى ئو-
قۇپ كۆرەيلى :

نېچە تاجۋەردۇر كېسەرلەر باشىن ،

چۇھەڭگامەسىز نەغمە تار - تار خۇرۇس .

بۇ ئەمدى ئوققا نىسبەتەن سەلبىي دەلىل .
خورازنىڭ مەزگىلسىز چىللىشى ھازىرقى كۈندى-
مۇ شۇملۇقنىڭ بېشارىتى ھېسابلىنىدۇ . نېمىشقا ؟
يىراق ئەسىرلەردە كايو مارىس دېگەن پادىشاھ ئۆت-
كەنىكەن . ئۇ ئادىل بولۇپ كۆپ يەرلەرنى ئاۋاتلاش-
تۇرغان ئىكەن . كايو مارىسنىڭ پۇشالڭ ئىسىملىك
ئوغلى بولۇپ ، ئۇنى دەۋامەند تېغىدا دىۋىلەر ئۆلتۈ-
رۈۋېتىپتۇ . بۇنىڭدىن بىر قۇش ئاگاھ بولۇپ ،
قاتتىق نالە قىلىشقا باشلاپتۇ . شاھ شۇ قۇشنىڭ
«يول باشلىشى»بىلەن ئوغلىنىڭ جەسىتىنى تې-
پىپتۇ . ئۇ ئوغۇللىرىدىن بىرىنى يۇرتقا باشلىق
قىلىپ تەيىنلەپ ، ئۆزى دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە
ئاتلىنىپتۇ . كايو مارىس كېتىۋېتىپ يولدا بىر ئاق
خورازنى كۆرۈپتۇ . خوراز يول بېشىدا تۇرۇپ ئەز-
سىز چىللىماقتا ئىدى . سەل نېرىراقتا بىر توخۇنى
يىلان ئوراپ ئالغان بولۇپ ، خوراز چىللىغاچ يىلان-
غا جان - جەھلى بىلەن تاشلىنىۋاتقان . بۇ ھال
كايامارىسقا بەكمۇ يېقىپ چۈشۈپتۇ . ئۇ :
«دېمەك ، خوراز ئۆز جۈپتىنى قۇتقۇزۇش ئۈ-
چۈن كۈرىشىۋاتقان ئىكەن ، بۇ جانىۋارنىڭ خۇي -
پەيلىمۇ ئىنسان پەرزەنتىگە ئوخشايدىكەن» دەپ
ئويلاپتۇ . ئۇ يىلاننىڭ بېشىنى يانچىپ ، خوراز
بىلەن مېكىياننى ئازاد قىپتۇ . ئۇلارنى ئۆز ئوغۇل-
لىرىغا ئەۋەتىپ ئاسراپ ئاۋايلاشنى بۇيرۇپتۇ .
شۇندىن باشلاپ ئەلدە توخۇ ساقلاش ئادەتكە ئايلى-
نىپتۇ . چۈنكى توخۇ بارخانىدانلارغا دىۋە يولىماس
ئىمىش . ئەسلىدە خورازنىڭ چىللىشى ياخشىلىق-
نىڭ بېشارىتى . ئۇنداقتا نەۋائىي نېمىشقا مەزگىل-
سىز چىللىغان خورازنىڭ بېشىنىڭ كېسىلىشى
ھەققىدە گەپ قىلىدۇ ؟ بۇ ھادىسىمۇ كايومارىس
تەقدىرىگە باغلانغان . بىر كۈنى ھېلىقى ئاق خوراز
كۈتۈلمىگەندە كەچكە يېقىن چىللاپ قالىدۇ . ئادەم-
لەر بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمەي قايمۇقۇشىدۇ . كې-
يىن مەلۇم بولىدۇكى ، ئەسلىدە كايومارىس ئۆل-
گەن ئىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن خورىز كەچقۇرۇن
چىللىدىمۇ دېمەك بۇ يامانلىقتىن بېشارەت ، بۇنداق
خورازنى دەرھال ئۆلتۈرۈش كېرەك ، دېگەن پىكىر
قەتئىي ئەقىدە شەكلىگە كىرىپ ئەسىرلەر مابەينىدە

پاشاپ كەلگەن . نەۋائىي خەلق ئارىسىدا پاشاپ كەل-
گەن بۇ كونا چۈشەنچىگە ئاساسلىنىپ ئورۇنسىز
گەپ ، ئارتۇقچە بىلجىرلاشلار ئاقىۋىتىنىڭ ئۆلۈمگە
سەۋەب بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆت-
كەن .

كىشى قانچە كۆپ ئويلاپ ، قانچە كۆپ ئوقۇ-
سا ،ئۆگەنسە ئۇ شۇنچە ئاز ، لېكىن مەنىلىك گەپ
قىلىدۇ ، ئەل ئارىسىدا شۇنچە ئىززەتكە ئىگە بولى-
دۇ . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەۋائىي : «سۆز كۆڭۈلدە
پىشىپ ، تاۋلانمىغىچە تىلغا كەلتۈرمە . دىلدا پار
سۆز ۋە پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتقۇلۇق ئە-
مەس . ئىچىدە ياتقان سۆزلىرىڭ سىينىڭ سىرلى-
رىڭ . سىر بولسا نەپەسكە ئوخشاشدۇر . چىققان
نەپەسنى قايتۇرغىلى بولمىغاندەك ، ئېيتىلغان
سۆزنىمۇ ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ» دېگەن ھېك-
مەتلىك پىكىرلەرنى يازغان . بىز بۇ بوۋا كالان
شائىرىمىزنىڭ بۇنداق نەسىھەتلىرىنى زادى ئېسى-
مىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك

## ساخاۋەت ـ تەن ، ھىممەت ـ جان

شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» كىتابىدا بىر
دانىشمەندىن : «ساخاۋەت ياخشىمۇ ياكى شىجائەت-
مۇ ؟» دەپ سورالغاندا ، ئۇ : «ساخاۋەت بار يەردە
شىجائەتنىڭ نېمە كېرىكى ؟» دەپ جاۋاب بېرىدۇ .
بۇ ـ ھەرقانداق مەردلىك ۋە شىجائەتنىڭ مەنبەسى
ساخاۋەت ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچنېمىنى ئايىماسلى-
ق ، ئۇنىڭغا مىننەت ۋە غەرەزسىز ياخشىلىق
قىلىش دېمەكتۇر . ئۇنىڭدا مېھرى ، ئىشەنچ ۋە
كۆڭۈل ـ قارنى كەڭلىك ھېسسىياتلىرى مۇجەس-
سەم بولىدۇ . ساخاۋەتلىك ئادەم ھىممىتى ئۇلۇغ
كىشىدۇر . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمگە ئاللىقانداق بىر
ئاشقى ياردەم بېرىش ئەمەس ، ئادەم قەلبىنى قەدىر-
لەش ، نەپسانىيىتى ۋە روھىنى ئاسراش بىرىنچى
ئەمەس ، ئادەم قەلبىنى قەدىرلەش ، نەپسانىيىتى ۋە
روھىنى ئاسراش ۋە ئاۋايلاش بىرىنچى دەرىجىلىك
ئىشتۇر . ئۇ : «زۆرۈر ۋاقىتتا بېرىلگەن بىر ئەسكى
چاپان ساخاۋەت ، ھەدىيە قىلىنغان زەر تون ئەرزى-
مەستۇر» دەپ بىلىدۇ .

نەۋائىي رۇبائىيلىرىنىڭ بىرىدە ئىماندى-
ڭ مۇسەھكەملىكىنى ئۈچ نەرسىگە نىسبەتەن
قىلىدۇ . بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىنچىسى ـ ھايا ،
ئىككىنچىسى ـ ۋاپا ، ئۈچىنچىسى ساخاۋەتتۇر :

ئۈچ قىسىم ئىلە ئىمانغا بەنا فەھىم ئەيلە ،
ئەۋۋەلقىسىنى ئانىڭ ھەيا فەھىم ئەيلە ،
ئىككىنچىسىنى داغى ۋەفا فەھىم ئەيلە ،
ئۈچىنچىنى بىلمەسەڭ ، سەخافەھىم ئەيلە .

شائىر «مەھبۇبول قۇلۇپ» ئەسىرىدە ساخا-
ۋەت مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئورۇن ئاجرىتىپ ، ئۇنى
مۇنداق سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ : «ساخاۋەت ـ
ئىنسانىيەت بېغىنىڭ ھوسۇلدار دەرىخى ، بەلكى ئۇ
دەرەخنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسى . ساخاۋەت ـ ئادە-
مىيلىك پەزىلىتىنىڭ مەۋج ئورۇپ تۇرغان دې-
ڭىزى ، بەلكى ئۇ دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ بە-
باھا گۆھىرىدۇر .» مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەسىر-
لەر مابەينىدە سېخىي ئادەملەر ئۇلۇغلىنىپ كەل-
گەن . ئۇلارسىز «ئىنسانىيەت بېغى»نىڭ پەيزى ۋە
ھوسۇلدارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمى-
غان . سېخىي زاتلار بار ئىكەن ، «ئادىمىيلىك پە-
زىلەتلىرى» مەڭگۈلۈك پاك ۋە مۇقەددەستۇر .

نەۋائىي سېخىي ئادەملەرنىڭ قەدىر ـ قىممى-
تىنى يەردىن كۆككە ئېلىپ چىقىدۇ . ئۇنى ئىنسا-
نىيەتكە خامان ـ خامان ھوسۇل بېرىدىغان خاسى-
يەتلىك بۇلۇتلار توپىغا قىياسلايدۇ . بېخىل ئادەم
بولسا ئۇنىڭ تەتۈرىسىدۇر . بېخىلنىڭ غەم ـ تەش-
ۋىشى دائىما ئالماق ۋە يىغماقتۇر . نەۋائىي بېخىل-
لارنى ئېگىزدىن دان تېرىيدىغان چۈمۈلىگە تەڭ-
لەشتۈرىدۇ . لېكىن شۇنىمۇ تەكىتلەش لازىمكى ،
ئىسراپخورلۇق ، ھالال توپلىغان دۇنياسىنى ماخ-
تانچاقلىق بىلەن خەير ـ ئېھسان قىلىشنى شائىر
سېخىيلىق ھېسابلىمايدۇ . نەۋائىي «مەھبۇبول قۇ-
لۇپ»تا يازىدۇ : «ئىسراپ قىلىش سېخىيلىق ئە-
مەس . ئورۇنسىز بۇزۇپ ـ چېچىشنى ئەقىللىق
ئادەملەر سېخىيلىق دېمەس . ھالال مالنى سورىغان-
نى كىشىلەر دىۋانە ، دەيدۇ . يورۇق جايدا شام
ياققاننى ئادەملەر ئەقلىدىن ئازغان ، دەيدۇ . ماختى-
نىش ئۈچۈن مال بېرىش ئۆزىنى كۆز ـ كۆز
قىلىش . شۇ يول بىلەن ئۆزىنى سېخىي قىلىپ
كۆرسىتىش ـ ھاياسىزلىق . كىمكى خەلققە كۆر-
سىتىپ تۇرۇپ ئېھسان بەرسە ـ ئۇ پەسكەشلىك .
تىلىگەندىن كېيىن بېرىش ـ ساخاۋەتتىن ئەمەس .
قىستىغاندىن كېيىن بەرگەندىن بەرمىگەن ياخشى .
بىر توقاچنى ئىككىگە بۆلۈپ ، بېرىمىنى ئاچ ئادەم-
گە بەرگەننى سېخىي دەپ ، ئۆزى يېمەي ھەممىسى-
نى مۇھتاج ئادەمگە بەرگەننى خىسلەتلىك دوست ،
دەپ بىل .»

يورۇقتا شام ياققان تەلۋىگە ئوخشاپ قالماس-
لىق ، ماختانچاقلىق بىلەن بىھايالىقتا داڭ چىقار-
ماسلىق ، سېخىيلىق نىقابىدا ئۆزىنى كۆز ـ كۆز
قىلىشتەك پەسكەشلىككە قۇل بولماسلىق ئۈچۈن ،
يۇقىرىقى پىكىرلەرنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم-
دۇر . سېخىيلىقنىڭ مۇھىم شەرتى ـ ياخشىلىق .
ئەمما ياخشىلىقتا مىننەت قوشۇلسا ، ئۇ ئەھمىيىتى-
نى تولۇق يوقىتىدۇ .

قىل ياخشىلىقنى دېمەكىن داخىل قىلما ،

مىننەت بىلەن ياخشىلىقنى باتىل قىلما .

نەۋائىي ھىممەتنى ساخاۋەتتىنمۇ ئۈستۈن قو-
يىدۇ . ئۇنىڭچە «سېخىيلىق ـ ئادەمنىڭ بەدىنىدۇر ،
ھىممەت بولسا ـ ئۇنىڭ جېنى» . جانسىز تەننى
تىرىك دېگىلى بولمىغىنىدەك ، ھىممەتسىز ئادەم-
نىمۇ ئەر دېگىلى بولمايدۇ . ھىممەت ئۇلۇغ سۈ-
پەت . ئۇ پاكىز كىشىلەرگىلا خاستۇر . «ئالىي
ھىممەت ئادەم ـ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىن-
دۇر . ھىممەتسىز كىشى ـ چاشقان تۇتۇپ يەيدىغان
سادۇر» . ھىممەت ئىگىلىرىگە خاس يەنە بىر پەزى-
لەت شۇكى ، ئۇلار كەمبەغەل ياكى قاششاق بولسى-
مۇ ، زادى پەسلىك قىلمايدۇ . بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ
ئۇلۇغلۇقى ، تەبىئىي تەن پاكلىقى يول قويمايدۇ .
ھىممەت ساھىبلىرى ھېچقاچان ئۆزلىرىگە راۋا
كۆرمىگەن بەختسىزلىكلەرنى ئۆزگىلەرگىمۇ راۋا
كۆرمەيدۇ . ئۇلار يىقىلغاننى يۆلىگۈچى ، تەلەيسىز-
لەرنىڭ غەم ـ كۈلپەتلىرىنى كۆتۈرگۈچى ، ئاچ ۋە
يالىڭاچلار بىلەن بارىنى تەڭ كۆرگۈچىلەردۇر .
شۇلارنىڭ روھى ۋە ھەرىكەتلىرى سەۋەبى بىلەن
ئىنساب ۋە دىيانەتكە بولغان ئىشەنچ دىللارنى يورۇ-
تىدۇ . ئۆزىدىن باشقىسىنى ئويلىمايدىغان ، مال ـ
دۇنيا يىغىشنى كەسىپ قىلغان نەپس بەندىلىرى
مۇھىتىدا ھىممەتلىك ئادەملەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدى-
كى چىراغلاردەك ئەتراپنى يورۇتىدۇ . ئادەتتە پې-
ئىل ئەتىۋار يارىماس ئادەملەر پەس ئادەملەر دېيى-
لىدۇ . بۇنداق پەسلىكنىڭ يىلتىزىمۇ ھىممەتسىز-
لىكتىن باشلىنىدۇ .

كىشىلەردىن ھۆرمەت تەلەپ قىلىش ـ مەنى-
ۋى ئاجىزلىق . دېمەك ، ئۇنىڭ يىلتىزىمۇ ھىممەت-
نىڭ كەملىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ . ھىممىتى يۈك-
سەك ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى مۇم-
كىن ئەمەس . «سەددىي ئىسكەندەرىي»دە تۆۋەندى-
كى مىسرالاردا شۇ ھەقىقەت ئىپادىلەنگەن :

بىرەۋ كىم ، ئاڭا ھىممەت ئولدى بەلەندى ،
ئېرۇر ئالەم ئەھلى ئارا ئەر جەمەند .

ھىممىتى يۈكسەك ئادەمنىڭ «ئالەم ئەھلى
ئارا ئىززەتلىك» زات بولىدىغانلىقى ـ بۇ بىر تە-
رەپ . ئۇنىڭ ئىككىنچى تەرىپىمۇ بار ، بۇنداق ئادەم
شۇ يول بىلەن جاھان ئەھلىنىڭ ئازاب ، مۇشەققەت-
لىرىدىن ئۆزىنى خالاس قىلىشقىمۇ ئېرىشەلەيدۇ .

كىشىكىم بى كىبرەكتۇر ھىممىتى
جاھان ئەسلىدىن كەمدۇر مېھنىتى .

بۇ ـ ئومۇملاشتۇرۇلغان پىكىر . نەۋائىي بۇنى
بىر قاتار ھاياتىي دەلىللەردە ئىسپاتلاپ بەرگەن .

نى قۇشكىم بەلەند ئولسە پەرۋاز ئاڭا ،
ھەلال ئىستەمەس ناۋەك ئەنداز ئاڭا .

بۇ ـ بىرىنچى دەلىل : ھەر قانداق بىر قۇش
كۆككە پەرۋاز قىلغانسېرى ، ئوۋچىمۇ ئۇنىڭغا ئوق
ئۈزۈشكە شۇنچە ئامالسىز قالىدۇ . بۇ بېيىت بىلەن
ئاۋۋالقى بېيىت ئوتتۇرىسىدا سەۋەبىي باغلىنىش
يوق ، لېكىن مەنتىق ئېتىبارى بىلەن ئويغۇنلۇق
بار . ئىككىنچى دەلىل :

ئەگەرچە ئېرۇر موشەك ئاتماق ئىشى ،
بولۇت مانۇغىن ئۇر تەي ئالماس كىشى .

ھىممەت ـ مەنىۋى ئەخلاقىي چۈشەنچە . نەۋا-
ئىيدىكى قۇدرەت بۇ چۈشەنچىنىڭ ماھىيىتىگە ئو-
قۇغۇچىنى ھاياتىي ھادىسىلەر ئارقىلىق ئىشەندۈرى-
دۇ . ئاخىر كۆككە قاراپ چوغ ـ يالقۇن ئېتىۋەر-
گەن بىلەن «بۇلۇت ماڭقى» نى ئۆزگەرتكىلى بول-
مايدىغانلىقىدىن كىممۇ گۇمانلىنىدۇ ؟ شېئىردىكى
«بۇلۇت ماڭقى» ـ ھىممىتى يۈكسەك ، ئالىي-
جاناب كىشىنىڭ سىمۋولىدۇر . تۇرمۇشتىكى
سېخىيلىق ، كەڭ قورساق كىشىلەرگە چوغ ـ يالقۇن
ئاتقۇچى ئادەملەر ھىممەتتىن مەھرۇم بول-
غان ، پەسلىكتە تەڭگى يوق ئادەملەردۇر . ئۈچىنچى
دەلىل :

نىچە تىغىل قىلسا پۈۋلەپ خىرەلىك ،
قاچان شەمئى ئەنجۇم تاپار تىيرەلىك ؟

دەرۋەقە ، ئىچى تار ئادەم قانچىلىك تەلۋىلىك
بىلەن كۈچەپ پۈۋلىمىسۇن ، پەلەك شامى ـ ئاي
ياكى ئاپتاپ بەرىبىر خىرەلەشمەيدۇ . ھىممەتلىك
ئادەممۇ مۇشۇنداق ھادىسىنى ئەسلەتكۈچى كىشى-
لەرنىڭ قىتىغۇرلۇقلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ . لېكىن
ھىممەت ئەھلىگە ياۋۇزلۇق قىلىنسا نېمە بولىدۇ ؟
نەۋائىي بۇ سوئالغىمۇ دەلىل ئارقىلىق جاۋاب بېرى-
دۇ : يۈكسەك بىر تاغ ئۈستىدە تولۇن ئاي ، قەيەر-
دىندۇر بىر يىرتقۇچ قاپلان شۇ تاغ ئۈستىدە پەيدا
بولدى . ئۇ ئايغا قاراپ ھۆركىرىشى ، چىشلىرىنى
غۇچۇرلىتىشى مۇمكىن ، لېكىن سەكرەپ ئۇنىڭغا
چاڭ سالالمايدۇ .

تۇتايكىم ، بۇيۇك تاغقا چىقسۇن پەلەڭ ،
تولۇن ئايغا سەكرەپ يەتۇرگەيدىمۇ چاڭ ؟

بۇ سوئالغا ئىختىيارسىز «ياق» دەپ جاۋاب
قايتۇرۇسىز ، ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ تولۇن ئاي-
دەك يالغۇز بولماسلىقىنى ، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ
دۇنيادا يۇلتۇزلاردەك كۆپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلى-
سىز .

ھىممەت زامان ـ زامانلاردىن بۇيان چىن ئىن-
سانلىقنىڭ يورۇق شولىسى سانىلىپ كەلگەن .
بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ

## تەمە ـ تۈنجى «ئوغۇل»

پارس ئۆلكىسىدىن ئىككى كىشى چىن مەم-
لىكىتىگە قاراپ سەپەر قىپتۇ . ئۇلارنىڭ تەبىئىتى

ۋە نۇقتىئىنەزەرى بىر ـ بىرىگە زىت ئىكەن .
بىرى ـ بارغا شۈكۈرى قىلىپ پاشىغۇچى قانائەتچان
كىشى ، يەنە بىرى ـ ئاچ كۆز ، دۇنيا پەرەس ،
تەمەخور ئىكەن . بۇ ئىككى ئادەم ئۇزۇن يول يۈ-
رۈپتۇ . يولدا ئۇلارغا بېرىسى تۇپراقتا كۆمۈلگەن
بىر تاش ئۇچراپ قاپتۇ . ئۇنىڭ ئۈستىدە خەت بار
ئىكەن . ئۇلار خەتنى ئوقۇپتۇ : «كىمكى مۇشەققەت-
لەرگە بەرداشلىق بېرىپ ، تاشنىڭ تەتۈر تەرىپىنى
ئاغدۇرسا ، ئۇنىڭغا بىر ئەپسانە پۈتۈلگەن . ئەپساند-
دا ئېيتىلىشىچە ، شۇ ئەتراپتا بىر ۋەيرانە بار . ۋەي-
رانىنىڭ تېگى بولسا خەزىنە . مۇشەققەتكە چىدىغان
ئادەم شۇ خەزىنىگە ئىگە بولىدۇ . » تەمەخور بۇنى
ئوقۇپ ، ئارامىنى يوقىتىپتۇ ـ دە ، تاشنىڭ ئاستى-
نى كولاشقا كىرىشىپتۇ . قانائەتچان كىشى بولسا
ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي يولىنى داۋام قىلىۋېرىپتۇ ،
چۈنكى ئۇنىڭغا خىسلەتلىك شۈكۈر ـ قانائەت ھەم-
راھ ئىكەن . ئۇ تاڭ ئاتقۇچە توختىماي يول يۈرۈپ-
تۇ ، تاڭ سەھەردە بىر شەھەرگە كەپتۇ ، شەھەرگە
كىرىدىغان يوللار كۆپ ئىكەن . لېكىن ئۇ ئەڭ
يېقىن بىر يول بىلەن شەھەرگە مېڭىپتۇ . ئۇ دەر-
ۋازىغا يېقىنلىشىشى بىلەنلا خالايىق ئۇنى قورشى-
ۋاپتۇ . بۇ ئەلنىڭ قائىدىسىدە ، پادىشاھ ئۆلگەندىن
كېيىن ئۇنىڭ ۋاپاتى سىر تۇتۇلۇپ ، كىم سەھەردە
بىرىنچى بولۇپ شەھەرگە كىرسە شۇ كىشىنى
تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ ، بېشىغا تاج كىيدۈرۈپ ،
قولىغا ئۈزۈك تاقايدىكەن . ئۇنى مۇشۇ ئىشنى بې-
جىرگۈچى ئادەملەر كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن . شۇنداق
قىلىپ ئۇ مەملىكەتكە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىنىپتۇ .
تەمەخورنىڭ تەقدىرى نېمە بوپتۇ دېمەمسىز ؟ ئۇ
ئۆزىنى راساقىيناپ ، مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن
تاشنى ئاران بىر تەرەپكە ئۆرۈپتۇ . قارىسا ، يەنە
ھېلىقىدەك خەت تۇرغۇدەك : «خام تەمە دۇنيادا
دائىم ئەلەم ۋە رەنجىش بىلەن تۈگەيدۇ . » نەۋائىي
قىتئەلىرىنىڭ بىرىدە يازىدۇ .

كۆپ ئالتۇن ، كۈمۈش سارى قول سۇنما-
غىل ،
كى تۇتساڭ كەفىڭنى قارا رەڭ ئېتەر .
كۆڭۈلدە داغى مەيلىنى ئاسراما ،
كى كۆڭلۈڭنى داغى ھەم ئول زەڭ ئېتەر .

بايلىققا بولغان تەلۋىلەرچە ھەۋەس ۋە ئىنتى-
لىش ھېلىقى تەمەخور شەخسنى خۇددى شۇ ئەھۋال-
غا چۈشۈرۈپ قويغان . ئوقۇرمەن ئۇنىڭ دىلىنى
قاپلىغان كىر ـ قانداقتۇ بىر خىل خۇنۇك چىر-
كىنلىكنى ئۆزىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلەيدۇ .

ئۇلۇغ تۈرك شائىرى يۇنۇس ئەمرۇ نەپسىنىڭ
پەقەت يالغان ۋە نىزا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان توق-
قۇز ئوغلىنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ . پەيلاسوپ
شائىرنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ ئوغۇللارنىڭ تۇنجى ۋە
بىرىنچىسى تەمەدۇر . ئۇ ئىنساننى توغرا يولدىن
ئازدۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كىبىر ، دۈشمەنلىك ،
ھەسەت ۋە تۆھمەت قاتارلىق ئوغۇللىرى ئاندىن
ھەرىكەتكە كېلەرمىش . تەمە ـ مەنپەئەتپەرەس-
لىكنىڭ خىرىسى . ئۇ ئەقلىنى يالغانچىلىق ۋە مۇنا-
پىقلىققا ئۈندەيدۇ . تەبىئىيكى بۇنىڭدا ئىنسانىيى-
لىق شەنى بۇلغىنىپ ، كىشلىك غۇرۇر خورلىنى-
دۇ . تەمە يولىغا كىرگەن كۆڭۈل بۇلۇش ۋە ئېرد-
شىشكە ئىنتايىن ئامراق كېلىدۇ . نەۋائىي تەمە-
خورنىڭ پەيلىنى «يەپ تويماسنىڭ تاماقتا بولغان
ئامراقلىقى» غا تەڭلەشتۈرىدۇ . ئەھمەد يەيسەۋىي
يازىدۇ :

نەپسىم مېنى يولدىن ئۇرۇپ خار ئەيلىدى ،
تەرمۇلتۇرۇپ خەلققە مېنى زار ئەيلىدى .

شائىر بۇ يەردە تەمە تۇغدۇرغان خورلۇق ۋە
ئەلەمنى بەكمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن . نە-
ۋائىينىڭمۇ «تەمەدە رەزىللىك ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت
بار» دېيىشى بىكار ئەمەس . بىز شۇ رەزىللىكلەر-
نىڭ ئايرىملىرىنى ئېيتىپ ئۆتەيلى : تەمە ئەڭ ئاۋ-
ۋال ئېتىقادنى شىكەستىلەيدۇ . ئۇنىڭ تەسىرى بى-
لەن ئىنسان پاكلىقىدىن ، ۋىجدان خالىسلىقىدىن
ئايرىلىدۇ . ھەممە نەرسىنى پايدا تارازىسى بىلەن
ئۆلچەش ئاقىۋىتىدە ، ئۇ «تۆگىنى ئىت ئالدىدا تىز
چۆكتۈرۈپ» ، «شىرنى» ، «قۇرت ـ قوڭغۇزلار»
بىلەن سەپداش قىلىدۇ . «قۇرقۇت ئاتا كىتابى»دا :
«كۆڭلى يۈكسەك ئەر خار بولماس»دېيىلگەن . تە-
مە شۇ پەلسەپىگە تامامەن قارىمۇ قارشىدۇر . ئۇ
كۆڭلى يۈكسەكلىكنىڭ ئاپەتلىك دۈشمىنى . كىمى-
دىندۇ تەمەخورلۇق تۇيغۇلىرىنى بايقىسىڭىز مۇنداق
ئادەمنىڭ سەممىيىتىگە زادى ئىشەنمەڭ . ئۇلار
شائىرمۇ ، ئالىممۇ ، رەھبەرمۇ بەربىر ، ھامان
مەنپەئەت ۋە شۆھرەتنىڭ قۇللىرىدۇر . بۇنداقلار
ھەممىشە ئېرىشىش ئۈچۈن سېتىشقا ، ئورۇن ۋە
مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېگىلىشكە ، ئادىللىق
شۇئارى بىلەن ئۇياتسىز يالغاننى بازارغا سېلىشقا
ھەر قاچان تەييار تۇرىدىغان كىشىلەردۇر . نەۋائىي
بىزنى ھەممە نەرسىنى ئۆز نامى بىلەن ئاتاشقا ئۆ-
گىتىدۇ . شائىر تەمەخورلۇقنى ئەيىبلەپ : «بەلكى
دىۋانىدۇر تەمەخور كىشى» دەپ يازغان . گاداي
ئۆزىنىڭ قۇللۇقىنى پىنھان تۇتىدۇ ، لېكىن ئۇ
مەخپىي تۇتۇشقا بولمايدىغان ئىللەتلەردىن نەۋا-
ئىي يازىدۇ :

بىرەۋكى ، تەمە ئېرىشتەئى قىلغۇسى ،
ئۇنىڭ بىلەن بوغىرىدىن ئاسىلغۇسى .

ئىنسان تەمەسىز كۈن كەچۈرۈشى مۇمكىن-
مۇ؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن . مېھنەت ۋە زەھمەت ئىن-

سان قەلبىنى تەمە ھېسلىرىدىن تېمىمسىز تازىلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە مەنىۋى ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ئېھتىياجلارنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىش، تۇرمۇش تەشۋىشلىرى قايىنىمىغا چۆكۈپ قالماسلىق، چوڭ مەقسەتلەر يولىدىكى پائالىيەتچانلىققا ئىنتىلىش كېرەك بولىدۇ. ئەمما تەكىتلەش كېرەككى، تەمە تۇزانلىرى شۇ چاغدىمۇ ئىنسان كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. نەۋائىي يازىدۇ:

ئەي، نەۋائىي، ئالەم ئەھلىدە تەمەئىسىز يوق كىشى،
ھەر كىشىدە بۇ سىفەت يوقتۇر، ئاڭا بولغاي شەرەف.
سەن ئەگەر تەركى تەمەئى قىلساڭ، ئۇلۇغ ئىشتۇر بۇ كىم،
ئالەم ئەھلى بارچە بولغاي بىر تەرەف، سەن بىر تەرەف.

بۇ يەردە شائىر بۇ ئۇلۇغ نەتىجىگە يېتىش ئۈچۈن غايەت ئۇلۇغ كۈچنىڭ يەنى تازىلىنىش قۇدرىتىنىڭ لازىملىقىنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىدا تەمەخورلۇقنى تەرك قىلىشنىڭ ئېنىق يولى ۋە ۋاسىتىلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلاردىن بىرى رىيادىن ساقلىنىش:

نەۋائىي، تەمەئى تۇخمىن ساچما كۆپ،
رىيا ئاچىقىدىن ئاڭا سۇ ئاچما كۆپ.

دېمەك، رىيا سۇيىسىز «تەمە تۇخۇمى» كۆكەرمەيدۇ. رىياكارلىقنىڭ كۈشەندىسى نېمە؟ ئەقىل ۋە دانالىق. دانالار كۆڭلىدە «تەمە تۇخۇمى» ئۆز ـ ئۆزىدىن كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ:

ئەي كۆڭۈل، كۆيدۇر تەمەئى تۇخمىن، تەمەننا مەزرەئىن،
بۇ ئېكىننى چۈنكى ھەرگىز قىلمەدى دانا پەسەند.

ئابدۇراھمان جامىينىڭ «باھارىستان» ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايەت بېرىلگەن: ئىتتىن سوراپتۇ: «نېمە ئۈچۈن سەن بار ئۆيگە گادايىنىڭ قەدىمى يەتمەيدۇ، سەن ياتقان بوسۇغىدىن تىلەمچى ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ؟»، «مەن تەمەدىن خالىيمەن، — دەپتۇ ئىت، — ماڭا خىزمىتىمگە يارىشا بىر پارچە نان ياكى بىر پارچە ئۇستىخان بولسىلا كۇپايە. گادايچۇ؟ ئۇ ھەمىشە ئاچمەن، دەپ يۈرۈپ تىلەيدۇ. قولى ھەر دائىم كىمگىدۇ سوزۇلغان. خالتىسىدا بىر ھەپتىلىك نان ـ ئوزۇق، لېكىن ئۆزى ئاچمەن، دەپ زارلانغىنى زارلانغان. تەمەدىن خالىيلىقىم تۈپەيلىدىن تەمەخور بىلەن دوست بولالمايمەن.»

بۇ ھېكايەتتىن، تەمەخور ئادەم ئىتتىنمۇ پەس، ئۇ ئۆزىنى ھەتتا ھايۋان ئالدىدىمۇ خار قىلىدۇ، دېگەن مەنە چىقىدۇ. مەيلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولسۇن ئىنسان كامالىتى ئۈچۈن قايغۇرغان، ئۇنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلەتلىرىنى قوغدىغان، ھەر بىر شەخس سىماسىدا خەلقنىڭ شەۋكەتلىك پەرزەنتلىرىنى كۆرۈش ئىستىكىدە يانغان نەۋائىي تەمە تۇغرىسىدىكى ھەر بىر تەنقىدىي سۆزى بىلەن پەسلىك، قۇللۇق، ئۆز قەدرىنى پايمال قىلىشتەك غەيرىي ئىنسانىي قىلمىشلارنى قاتتىق قارىلىغان.

مۇھەممەد يۈزۈلىي قىتئەلىرىدىن بىرىدە: «دۇنيادا سۇلتانلار ماڭا ئېھسان تەكلىپى قىلىشمىسۇن، بېشىمدا قانائەت تاجى بار. شۇ خىسلەتلىك تاجىنىڭ ئۆزى ماڭا يېتەرلىك» دېگەن ئىدى. شائىرلار شاھلىقتىن قانائەتچان بولۇشنى ئەلا بىلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قانائەتچانلىقنىڭ ئۆزى تەڭسىز سەلتەنەت، تەڭدىشى يوق سۇلتانلىق. قانائەتچان كىشى ھەممە تەرەپتىن يەڭگىل ۋە خاتىرجەم. قانائەتچان كىشى «تىنىچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئىچىلگەن ئۇماچ»نى باشقىلارنىڭ ياغلىق پولۇلىرىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان ئادەم. ئۇ باشقىلار ھەدىيە قىلغان خەزىنىدىن زەھمەت چېكىپ، مېھنەت بىلەن تاپقان بىر ياغاق تەڭگىسىنى مىڭ ھەسسە ئارتۇق بىلىدۇ. ئۇ ئاشۇ ئالىيجانابلىقى ۋە پاكلىقى بىلەن ھەر قانداق ھەممەتلىك زاتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

نەۋائىي تەمەگە قانائەتنى قارشى قويىدۇ. شائىر ئەسەرلىرىدە قانائەت ھەممە ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى قوغدىغۇچى، ئىنساننى خورلۇق، مۇھتاجلىق، قەدىرسىزلىك، ئازاب ۋە ئەلەملەردىن ساقلىغۇچى مەنىۋى ئەڭگۈشتەردۇر.

كىمگەكى ئىش بولدى قانائەت فەنى،
بىلكى ئۇنى قىلدى قانائەت غەنى.

قانائەت ئادەمنى مەنەن ۋە روھەن بېيىتىدۇ. ئۇنى خورلۇققا مەھكۇم قىلىدىغان ئېھتىياجلاردىن قۇتۇلدۇرىدۇ. چۈنكى «قانائەت بىر بۇلاقكى، ئالغان بىلەن ئۇنىڭ سۈيى ئۆكسىمەيدۇ. ئۇ بىر خەزىنەدۇركى، ئۇنىڭدىكى بايلىق چېچىلىپ تۈگىمەيدۇ. قانائەت كىشى كۆڭلىگە يورۇقلۇق ۋە ئازادىلىق يەتكۈزىدۇ. قانائەتچان دەرۋىشنىڭ قاتتىق نېنى تەمەخور شاھنىڭ نازۇ نېمەتلىرىدىن تەملىكرەكدۇر. قانائەتكە ئۆگەنگەن پېقىرنىڭ سۆيۈك ئۇمىچى ئاچ كۆز باينىڭ ناۋاتلىق ھالۋىسىدىن شېرىندۇر. ھەر كىم قانائەتكە ئادەتلەنگەن بولسا شاھلىقنىڭمۇ، گادايلىقنىڭمۇ غەم ـ تەشۋىشىنى بىلمەيدۇ . . . قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭغا كىرسەڭ، نەپسىنىڭ غەلۋىسىدىن قۇتۇلىسەن». ئومۇمەن ئەلىشىر نەۋائىي ئېھتىياجىنىڭ نېگىزى، دە-

مەك ، قانائەت پەلسەپىسى ھۆرلۈك ، قەلب ۋە روھ ئازادلىقى پەلسەپەسىدۇر . ئۇ شەخس ئۈچۈن ئەڭ مۇبارەك ئەركىنلىكتۇر .

## توغرىلىق ـ ئۇلۇغ مەنىۋى كۈچ

چاتقاللىقتا بىر بىرتۇچ شىر ياشايدىكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى ئاغزىدا چىشلەپ ئاسرايدىكەن . ئاشۇ چاتقاللىقتا يەنە بىر كەكلىكمۇ بار ئىكەن . شىر باللىسىنى چىشلىگىنىچە چاتقاللىقتا ئايلىنىپ يۈرىدىكەن . ئۈستىدىن پىر قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتكەن ھەر قانداق نەرسە ئۇنى چۆچۈتىدىكەن . شۇڭا ، ئۇ باللىسىنى ئاسراپ تېخىمۇ قاتتىق چىشلەيدىكەن . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ جىگەر پارىسى بەكمۇ ئېغىر ئازابلىنىدىكەن . بۇ غەم ـ تەشۋىشلەردىن يەتكۈچە تويغان شىر ئاخىر كەكلىك بىلەن دوستلىشىپ خاتىرجەم بولماقچى بوپتۇ . ئۇ كەكلىككە دەپتۇ : « مېنىڭ ساڭا ھېچقانداق قەستىم ۋە دۈشمەنلىكىم يوق . مېنى ئۆزۈڭگە ئىشەنچلىك دوست بىلگىن . قورقۇشنى يىغىشتۇر . كەل ، ھەمدەم ۋە سىرداشتا ئايلىنايلى . خۇرسەنچىلىك چاغلىرىمدا مېنىڭ خۇشاللىقىمغا شېرىك بول . مەنمۇ سېنىڭ نەغمىلىرىڭنى ئاڭلاپ شادلىناي ، غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس بولاي . شەرتىم شۇكى ، ساڭا بىرەر زىيان يەتسە ياكى تەقدىر سېنى ھىيلە بىلەن بەد قىلسا سېنىڭدىن مېھرىمنى ئايىمايمەن . دۈشمىنىڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن » . شىر بۇ گەپلەرنى چىن يۈرەكتىن ، ساداقەت بىلەن ئىزھار قىلىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق تىكلىنىپتۇ . كەكلىك شىرنىڭ ئەتراپىدا ئەركىن ئۇچۇپ ، سايراپ يۈرۈۋېرىپتۇ . كۈنلەر ئۆتۈپ شىر ئۇنىڭ سايراشلىرىدا ساختىلىق بارلىقىنى بىلىپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇنى « توغرىلىق ئالدىدا يالغان ئېيتىش گۇناھ » دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ . نەسىھەتنى ياقتۇرمايدىغان كەكلىك بولسا ھېچقانداق ئويالماي يالغان پىغانلىرىنى تېخىمۇ كۆچەيتىشكە باشلاپتۇ . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوۋچىنىڭ باسمىقىغا چۈشۈپ قاپتۇ . ئۇ ئۆلەر ھالەتتە : « مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار » دەپ چىرقىراپتۇ . ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان شىر ھەتتا پەرۋامۇ قىلماپتۇ . چۈنكى ئۇ ، كەكلىك ھەر قاچانقىدەك يالغان زارلىنىشلىرى بىلەن مېنى ئالداۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپتۇ . ھالبۇكى ، بۇ قېتىم يالغان راستقا ئايلانغان ، لېكىن شىردىكى ئىشەنچ يوقالغان ئىكەن . نەتىجىدە كەكلىك جېنىدىن جۇدا بوپتۇ . نەۋائىي بۇ ھېكايەت بىلەن يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسەتكەن ، يەنى يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋەتتە كىشىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن .

شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي سۆزىدە : «نېمە دېمەك ، چىن دېگىل » دەپ دەۋەت قىلىدۇ . كەكلىك ئۈچۈن يالغان سۆزلەش بىر ئەمەل ئىدى . لېكىن ئۇ ئاخىر ئۆز ئەمىلىنىڭ قۇربانى بولدى . شۇنداق يالغانچىلىق ۋە مەمەدانلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئاشۇنداق دەھشەتلىك . ھېكايەتتىن كېلىپ چىقىدىغان يەنە بىر نەنە ئەنە شۇ . قەدىمكى كىتابلاردا : «دۇنيادا بىرلا توغرا ۋە دىيانەتلىك ئادەم بولىدىكەن قىيامەت قايىم بولمايدۇ . » دېيىلگەن ئىكەن . بۇ توغرىلىق دۇنيانىڭ پاسىبانى ، دىيانەتنىڭ بارلىقى ـ ئىنسانىيلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى دېگەنلىكتۇر . مانا شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي شېئىرىيىتىدە توغرىلىق ۋە راستچىللىق ساداقەت ، سادىقلىق تۇيغۇلىرى تەرغىباتى كەڭ ئورۇن ئىگىلىگەن .

ئۆزىنى چۈشىنىشكە ھەۋەس ئادەمنىڭ ھايات يولى تۈز ۋە ئاسان بولمايدۇ . بۇ يولدا ئازاب ۋە مۇشەققەتلەرگە ئۇچرايدۇ . روھىي ئازاب ۋە خورلۇقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ . بۇ يوللاردا تەقدىر بەزىلەرگە ھەسەل بەرسە ، بەزىلەرگە ئوغا بېرىدۇ . لېكىن ئادەم تۇرمۇش ۋە ھايات قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا تىز پۈكۈش ئۈچۈن تۇغۇلمايدۇ . ئۇ ئېگىلىسمۇ سۇنماسلىق ، مەغلۇب بولماسلىق ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدۇ . بەس ، شۇنداق ئىكەن ، ئادەم كى . ھېمىڭۋاينىڭ : «ئىنساننى ئۆلتۈرۈش مۇمكىن ، لېكىن ئۇنى يېڭىپ بولمايدۇ » دېگىنىدەك ئېتىقادقاتايىنىشى ، شۇ ئېتىقاد يولىدا ئاخىرىغىچە كۈرىشىشى كېرەك . ئېتىقادنىڭ بىر يىلتىزى ـ توغرىلىق . راستچىللىققا تايانغان ئەقىل يېڭىلمەستۇر . ئەلىشىر نەۋائىي : « ھەر كىم ئۆزىگە توغرىلىقنى ئادەت قىلىغاندىن كېيىن ، چەرخىنىڭ تەتۈر ئايلىنىشىنىڭ نېمە كارامىتى بار ؟ » دېگىنىدە نەقەدەر چوڭ ھەقىقەتنى سۆزلىگەن ـ ھە ! توغرىلىق ـ ئەلەم ۋە مۇشكۈللۈكلەرنىڭ خۇنۇك قاراڭغۇلۇقىنى ھەيدەيدىغان ھارارەتلىك يورۇقلۇق . نەۋائىينىڭ ئېيتىشىچە ، كىشى ئالدىدا يۈز ئەمەس ، مىڭ مۇشكۈلات تۇرغان تەقدىردىمۇ ، مۇبادا ئۇ توغرىلىققا مايىل بولسا ، ئۇنىڭ ئىشى يەنىلا يورۇشىدۇ .

تۈزلۈككە مايىل ئولكى ، ئىشىڭ بارغاي ئىلگەرى ،
يۈز مۇشكىل ئۆلسە يوقسەمىڭ ئالدىڭدا ھەر زامان .

نەۋائىي بۇ گېپىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن شۇنداق دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ :

يۈز سەبھە بىر قەلەم بىرلە كاتىب قىلۇر رەقەم ، مىڭ قويىنى بىر ھاسا بىرلە ھەريان سۈرۈر

شوبان .
قىزىق ، كاتىپ بىر قەلەم بىلەن يۇزلەپ
سەھىپىلەرنى تولدۇرىدۇ ، چوپاننىڭ قولىدا بىرلا
تاياق ، ئۇنىڭ بىلەن مىڭلاپ قويلارنى باشقۇرىدۇ .
نېمىشقا شۇنداق ؟ بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى خىيالى-
مىزغىمۇ كەلتۈرمىگەنىمىز . قەلەمگە ئوخشاشلا
چوپان تايىقىنىڭ كۈچىمۇ توغرىلىق ـ تۈزلۈكتە
ئىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن كاتىپقا قەلىمى ،
چوپانغا تايىقى شۇنچىلىك قەدىردان ۋە سۆيۈم-
لۈك ئىكەن . ئىنسان ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا ھەر
تۈرلۈك مۇلاھىزىلەر بولۇۋاتىدۇ ، لېكىن بۈيۈك-
لۈك دەرىجىسى قانداق ۋە ئۇنىڭ نەدىن باشلى-
نىشى ئېتىبارغا تولۇق ئېلىنمايۋاتىدۇ . دانا-
لىق ، تەشەببۇسكارلىق ، ئىلمىيلىق ۋە خاراكتېر
تۇراقلىقلىقى ـ بۇلارمۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ بەلگىلىرى-
دىندۇر . لېكىن كىشىدە شۇنچە ئېجابىي پەزىلەت-
لەر بولۇپ يالغۇز توغرىلىق يېتىشمىسە ، بۇنداق
ئادەم بەربىر ئادەتتىكى شەخس . ئۇلۇغ بولۇش
ئۈچۈن توغرىلىق سۈپىتى بولۇش كېرەك . ئەگرى-
لىك زېمىنىدا گەۋدىلەنگەن « ئالىيجانابلىق » لار
ئۇنۇمسىز يەرگە سېپىلگەن يارامسىز ئۇرۇقتەك
بىر نەرسە ، ئۇلار بىخ سۈرمەستىن قۇرۇيدۇ .
بۇ مەسىلىدە نەۋائىي تېخىمۇ ئىبرەتلىك دەلىللەر-
نى كەلتۈرىدۇ :

بىيىك مەقامىغا ئولگىم تىلەر سەبات كېرەك ،
كە ئەگرىلىك قويۇپ ، تۈرلۈك ئەيلىسە قا-
نۇن .

تۈز ئۆلسە سايەسىدە ئەل تىنىپ مەنار كەبى ،
سىپېھر ئېۋىدە تورار قەرنىلەرنېچۇككى .
گەر ئەگرىدۇر ياغبان ئوقۇ باغلەنىپ بويىن ،
بولۇرقەبەق يىغاچىدەك بەش ـ ئونچە كۈندەنى-
كۈن .

دەسلەپكى بېيىتنىڭ مەنىسى : كىمكى يۈك-
سەكلىك مەرتىۋىسىنى خالىسا ، ئۇ ئەگرىلىكتىن
كېچىپ ، توغرىلىقنى قانۇنغا ئايلاندۇرۇشى كې-
رەك . كېيىنكى مىسرادىكى پىكىرلەر تىمسال
خاراكتېرىدەدۇر : «توغرا كىشى مۇنارغا ئوخشاي-
دۇ . ئەل ئۇنىڭ سايىسىدا يېنىك تىنىق ئالىدۇ .
مۇنارنى قارا ، دۇنيا ئۆيىدە ئۇ ئەسىرلەر مابەينىدە
شىپتەك تەۋرىمەي تۇرىدۇ . ئەگەر ئۇ ئەگرى بول-
غىنىدا ، پور ياغاچتەك بويىدىن كېسىلىپ بەش
ئون كۈندە يەكسەن بولغان بولار ئىدى . »
نەۋائىي توغرىلىق ۋە ئەگرىلىكنى ئەنە شۇنداق
تەھلىل قىلىدۇ . كىمكى يالغان سۆزلەشنى ئۆزىگە
راۋا كۆرسە ئۇ ئەرمۇ ، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس . شا-
ئىرنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ئەسىرىدىكى توغرىلىق
ۋە راستچىللىققا دائىر مۇلاھىزىلىرى تېخىمۇ ئىب-
رەتلىك . شائىر مۇنداق دەيدۇ : «شام ئۆزىنىڭ
توغرىلىقىدىن خورسەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باشتىن
ـ ئاخىر كۆيۈپ تۈگىگىچە نۇر تارقىتىدۇ . چاقماق-
چۇ ؟ ئۇمۇ يالقۇن چاچىدۇ . ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىتى
ئەگرىلىك بولغىنى ئۈچۈن بىر نەپەسلىك يورۇق-
لۇقتىن كېيىن ئۆچىدۇ . ئىنسان قەلبىدە ھېچ
بولمىغاندا توغرىلىق شامى يېنىشى ، ئۇ ، توغرىلى-
قىنىڭ ماھىيىتىنى مانا مۇشۇنداق مىساللار ئارقى-
لىق ئېنىق ئىدراك قىلىشى كېرەك . »
نەۋائىي شامغا ئوخشاش توغرىلىقتىن سۆيۈنى-
دىغان كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ كۆرۈشنى ئارزۇ
قىلغان . لېكىن بۇنداق ئادەملەرنىڭ بەكمۇ ئازلى-
قىدىن ئەپسۇس چەككەن . يالغانسىز ياشاشنىڭ قى-
يىنلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان شائىر : «ئادەم يالغان
ئېيتسىمۇ ئازراق ئېيتسا ! قېنى ئەمدى شۇنداق
ئادەملەر بىزنىڭ زامانىمىزدىمۇ تېپىلسا . بىز شۇن-
داق زامان ئادەملىرىگە مۇپتىلا بولغانمىزكى ، ئۇلا-
رنىڭ ئالدىدا راستچىللىقتىن يامان نەرسە يوق»
دەپ نالە قىلىدۇ . ئەمما نەۋائىي يالغانغا پۈتۈن
ۋۇجۇدى بىلەن قارشى . شۇڭا ، ئۇ ھەر قانداق ۋەزى-
يەت ۋە زۆرۈرىيەت ئالدىدىمۇ يالغان ئېيتماسلىقنى
تەكىتلەيدۇ .
ئىنسان توغرىلىقنى ئۆگەنسە ، توغرىلىق ئۇ-
نىڭغا باشقا ئەلا زۆرۈر پەزىلەتلەرنى ئۆگىتىدۇ .
توغرىلىقنى گۈزەل خۇلقلارنىڭ ئەلا گۈزىلى دې-
يىش مۇمكىن . ئۇ قۇلنى ئەركەككە چاقىرىدۇ .
پۈكۈلگەن ، ئېگىلگەن قامەتلەرنى رۇسلايدۇ .توغ-
رىلىق ئېتىقادىغا تايانغان يۈرەك بەختكىمۇ ، بەختى-
سىزلىككىمۇ توغرا نەزەردە قارايدۇ . ئەلا مۇھىمى
ئۇ ئالدانمايدۇ . يالغان خۇشاللىق ، ياسىما ھەۋەس-
لەر توغرىلىق يالقۇنىدا گويا قۇرۇغان غازاڭدەك
يانىدۇ ، كۈل بولۇپ سورۇلىدۇ .

## ئىچىملىك ـ ئەپسۇسلۇق سۈيى

كىم ئەيلەسە ساقىي گۈلئەندام تەمەئ ،
ئاندىن سولۇڭ ئەگەر تەقۋىيۇ ئىسلام تەمەئ .
ئىلكىدىن ئانىڭ ساغارى گۈلفام تەمەئ ،
ئەيلەر ئولسا ئول مەردەك ئېرۇر خام تەمەئ .

ئىسلام قائىدىلىرى بويىچە مەي هارام ، مەي-
خورلۇق گۇناھ ھېسابلىنىپ ، مەيخورلۇق دىن پې-
شىۋالىرى بىلەن دۆلەت كىشىلىرى تەرىپىدىن مەن-
ئى قىلىنغان . لېكىن شەرىئەت قائىدىلىرىنى قوغدى-
غۇچى بۇ كاتتىلار ئاۋام خەلقتىن ھېچبىر تەپتارت-
ماي پىنھان رەۋىشتە شارابخورلۇق بىلەن مەشغۇل
بولۇشقان . رۇبائىيدا شۇ خىلدىكى ئىككى يۈزلى-
مىچىلىككە قارشى گەپ قىلىنغان . شائىر (نەۋا-
ئىي ) ئېيتماقچىكى ، كىمكى ساقىيۇ گۈلئەندام قو-

لىدىن گۈلگۈن شاراب تەمەسسىدا بولۇپ ، يەنە ئىسلام تەرىقىتى ۋە شەرىئەت نامىدىن لاپ ئۇرۇپ ، دىنىۋ دىيانەتكە دەۋاگەر بولسا ، بۇ پۈتۈنلەي خام تەمە قىلىشتۇر . بۇنداق شېئىرلاردا نەۋائىينىڭ مەي ۋە ئۇنىڭ ھايات بەخش پەزىلەتلىرىنى قەدىرلىگەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ . نەۋائىي مەينى خۇشاللىق مەنبەسى ، دۇنيانىڭ غەم - قايغۇلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ھاياتىي نېمەت تىمسالىدا مۇھاكىمە قىلغان . شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ھىجران ۋە ئايرىلىشنىڭ ئېغىر ئازابلىرىنى مەي بىلەن يېڭىش ئىستىكىدە ياشايدۇ . زامان زۇلمى ، دەۋر ئەھلىنىڭ جەبرۇ - جاپالىرى مەي ئىچكەندە ئۇنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلىدۇ . ئەمما ، مەي ماۋزۇسىدا قانچە كۆپ گەپ قىلىنغان بولسىمۇ ، نەۋائىي ھېچقاچان ئادەملەرنى تەلۋىلەرچە مەيخورلۇق ، ئەخمىقانە قەدەھبازلىققا دەۋەت قىلمىغان . ئەكسىچە ، ئىنسانپەرۋەر شائىر : شارابخورلۇق ئىنسان كامالىغا زىيان سالىدىغان ئىش ، ئىچىملىككە ھەۋەس ئارتقانسېرى ئادەمىيلىك سۈپەتلىرى كېمىيىپ ، ھەتتا يوقىلىپ بارىدۇ ، دەپ قارىغان . شۇنداق مەنزىرىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ : مانا بىر مەست ئادەم . ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى قولاشمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچىلىك بىمەنە ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كوچا باللىرىغا مەسخىرە . باللار خۇددى ساراڭغا تاش ئاتقاندەك ، ئۇنىڭغا تاش ياغدۇرىدۇ . مەيخانىدىن توغرا كوچىغا چىققان بۇ مەستنىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ بولمايدۇ ، پېشانىسى يېرىلغان ، يۈزلىرى كۆكەرگەن ، بېشى يالاڭ . «يامان ئىتتەك ئادەملەرگە ئۆز - ئۆزىدىن ھەيۋە قىلىدۇ .» مەستلىكى غالىب كەلگەنسېرى ئۇ ئۆزىنى باشقۇرالمايدۇ . بېشى قايغان تەرەپكە كېتىۋېرىدۇ . باللار خۇددى قىزىق بىر تاماشىغا ئۇچرىغاندەك ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىدۇ . مەست بولسا كەينى - كەينىدىن يىقىلىپ ، ئاخىر ئورنىدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ - دە ، ئوخچۇپ - ئوخچۇپ قۇسىدۇ . مەستنىڭ يۈز - كۆزى قۇسۇق بىلەن بۇلغىنىدۇ . كېيىن نەدىندۇر بىر ئىت پەيدا بولىدۇ . كۆرىمىزكى ، ئۇنىڭ ئىپلاس بەشرىسىنى ئىت يالاپ ، تازىلاشقا باشلايدۇ . مەستلىك ئۇيقۇسى تارقىغاندىن كېيىن ، ئۇ ئەتىسى يەنە شۇ كونا خۇيىغا قايتىدۇ . بۇ قېتىم ئۇيانچۇقىدىكى ھەممە پۇلىدىن ئايرىلىدۇ . ئۆلۈكتىن كېپەن تىلىگەندەك ، يول توسار بۇلاڭچىلار ئۇنىڭ كىيىمىنىمۇ سالدۇرۇپ ئالىدۇ . مەست بىلە - بىلمەي ئۆز ئۆيىنى ئىزدەيدۇ ، تاپالمايدۇ . ئەمما سەنتۈرۈلگىنىچە بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ ماڭىۋېرىدۇ . ئۆز جېنىغا ، ئۆز ئىمانىغا زۇلۇم سېلىش بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ ؟ گەپ شۇنىڭدىكى ، شۇنچە شەرمەندىلىكلەردىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى قىلچىمۇ خىرەلەشمەيدۇ . خىجالەت ئۇنى قىينىمايدۇ . چۈنكى : «ھاراق ئادەمنى ئىپلاس ، يىرگىنىشلىك ، يالغانچى قىلىپ قويىدۇ» دېگەندەك بۇنداق ھاللاردىن زادىلا نومۇس ھېس قىلمايدۇ .

يۇقىرىقى مەنزىرە - تارىخىي مەنزىرە . ئەلشىر نەۋائىينىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدىمۇ مەست دەل شۇ خىلدا سۈرەتلەنگەن . لېكىن ئەينى پەيتتە ئۇ بۈگۈنكى ھاياتىمىزدىن ئېلىپ كۆرسىتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ .

ئەلشىر نەۋائىي : «ئىچىملىك ھەم دەرد ئوتى ، ھەم ئەپسۇسلۇق سۇيىدۇر» دەيدۇ . ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق . ئىچىملىككە بېرىلگەن ئادەم ئۆزىنى ھەر خىل دەرد ۋە ئازابلارغا ، پەسلىك ۋە خورلۇقلارغا گىرىپتار قىلىدۇ . ئەپسۇس ۋە پۇشايمان ئوتى ئىچىدە كۆيىدۇ .

ئىبنى سىنامۇ تىۋىب سۈپىتىدىمۇ ، سەنئەتكار سۈپىتىدىمۇ ئىچىملىككە بېرىلىشنىڭ ئىنسان سالامەتلىكى بىلەن ئۇنىڭ كىشىلىك ئىززىتىگە بولغان زىيىنىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن . ئۇ رۇبائىيلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ : «مەي مەستنىڭ دۈشمىنى ، ھوشيارنىڭ دوستىدۇر . ئازى دورا ، كۆپى يىلان زەھرىدۇر .»

ئىبنى سىنانىڭ بۇ پىكرى ئۇنىڭدىن كېيىن ياشاپ ئۆتكەن شائىر ، يازغۇچىلار تەرىپىدىن ئۆزگىچە خاس شەكىللەردە داۋام ئەتتۈرۈلگەن . مەشھۇر ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدا : «ئاز - ئاز ئىچ ، گاھ - گاھ ئىچ ، پىنھان ئىچ» دەپ ئىبنى سىناغا ھەمئاھاڭ بولغان . نەۋائىينىڭ پىكرىچە ، مەيگە بېرىلىش سالامەتلىكنى كاردىن چىقىرىپلا قالماستىن ، بەلكى كىشىنىڭ ئىنسانىي سۈپەتلىرىنى يەمىرىدۇ . شۇ زەھەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئەدەپسىزلىك ، يالغانچىلىق ، جىنايەتكارلىق ئىللەتلىرى كۆپىيىدۇ . ئارتۇقچە ئىش ئىنساننى ئىختىيارىي رەۋىشتە ھايۋانغا ئايلاندۇرىدۇ . كۆپىنچە كىشىلەر بۇنداق چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ۋە ۋىجدانلىرىنى مەيگە قوشۇپ ئىچىۋېتىۋاتقانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ . ئىنسان ئەقىل ۋە يۈرەك چىرىغىنىڭ خىرەلىشىشىنى خالىمىسا ، ئۇ ھالدا ئىچمەسلىكى كېرەك . جاھالەت ، رىياكارلىق ، يالغانچىلىقتىن كىرلىنىشنى نومۇس بىلىدىغان ئادەم ئىچكۈلۈكتىن ھەزەر قىلىشى لازىم .

---

ئاپتورنىڭ ئۆزبېكچە : «شىر قېشىدا» ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىپ تەييارلىغۇچى :

**مۇھەممەت پولات**

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىك سۆھبەت

غەيرەتجان ئوسمان

B . ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تارىخىي ئورنى توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز .

A . بولىدۇ : ئەمما بۇ سوئال بەك چوڭ بولۇپ كەتتىغۇ دەيمەن ، بۇنىڭ جاۋابى يىرىك بىر پارچە ماقالە ياكى كىتاب ئارقىلىق يېشىلىدۇ . ئاساسىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويساق ، نەۋائىي تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە تەۋە خەلقلەر تارىخى ، پارس تىللىق خەلقلەر تارىخىدىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا مۆتىۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇلۇغ ئەرباب . ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي ئەمگەكلەر سان جەھەتتىن كۆپ ، سۈپەت جەھەتتە ئاكتۇئال مەسىلىلەرنى ئاجايىپ چوڭقۇر تەپەككۇر شەكلى بىلەن ئىپادىلىگەن . يۈكسەك غايە ، رېئال مەسىلىلەر ۋە كەلگۈسى ئىنسان ھاياتىغا ئىلھام بەخش ئېتىدىغان تەپەككۇر دۇردانىسى بەش ئەسىردىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدى . ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەنىۋى كۈچىنى خېلى - خېلى سېھرىي قۇدرەت ۋە زورلۇق ۋاستىسى باسالمايدۇ . پادىشاھلار ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ ، ئۇنىڭ شانۇ شۆھرىتى پەقەت ئۇنىڭ ھاياتلىقىدىلا دەبدەبە قوزغايدۇ . كېيىن بارغانسېرى سۇسلايدۇ . ئەمما ئەلىشىر نەۋائىيغا ئوخشاش ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ شۆھرىتى ھايات چېغىدا دېگەندەك ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن بىلەن خۇددى ئالتۇننى سۈرتكەنسېرى پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇرغاندەك ، بۈيۈكلۈكى ، تەڭداشسىزلىقى دەۋرلەر ئۆتكەنسېرى ئوچۇقلىنىشىدۇ . ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچى مىللەتنىڭ كىندىكىگە باغلانغان بولىدۇ . دۇنيادىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك ، ئەڭ تولغان مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىمۇ ناھايىتى گۈللەنگەن بولىدۇ . ئەدەبىيات مىللەتنى پەرۋاز قىلدۇرىدىغان بىر قانات . ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىي جاھىلىيەت ، نادانلىق ، قاششاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئەينى شارائىتتا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە تۇرمۇش غايىسىنى ئەدەبىيات ئارقىلىق بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھەم مۇشۇنى بىر نىشان ، بىر مەقسەت قىلىپ ، بارلىق ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى ئەدەبىيات ، شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان ئىلمىي ئىجادىيەتكە سەرپ قىلغان . ئۇنىڭ «خەمسە» ۋە «خەزائىنۇلمەئانى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى يۈكسەك ئالتۇن چوققا ، بىز بۇ ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەر بىلەن چەكسىز سۆيۈنۈشكە ھەقلىق . ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش جاپالىق ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىمىز .

B . ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنى «ئۇيغۇر» دېگەنلىكى ئۇچرىمايدۇ ، شىنجاڭدا ئۇيغۇر دەۋاتىمىز ، مۇشۇنداق دېيىلسە ئىلمىي بولغان بولامدۇ ؟

A . دۇنيادىكى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر (ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ شۇنداق ) ئۆزىنى بىر مىللەتكە تەۋە دېمىگەن . مەسىلەن ، كوڭزى ئۆزىنى خەنزۇ دېمىگەن . چۈيۈەنمۇ شۇنداق . ئەفلاتون ، پىلاتون ، ئارىستوتىللارمۇ ئۆزىنى گرېك دېمىگەن ، بۇلار قەدىمكى زاماننىڭ ئادەملىرى ، ئەمدى كېيىنكى زاماندا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ، ئۆزىنى «مەن × × مىللەت» دەيدىغانلىرىنى تاپماق تەس . پەقەت يېقىنقى زامانغا كەلگەندىلا ئۆز مىللىتىنى ئېنىق دېيىش تېخىمۇ روشەنلەشتى . قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىغاندا ، ئۇلار ياشىغان ئورۇن ، ئىجتىمائىي مۇھىت ، قوللانغان تىل ، مۇئەللىپلەر بولغان بولسا ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي تۇرمۇش

فورماتسىيىسى ، مۇئەييەنلىشىپ ئەكس ئەتتۈرگەن ئۆزلۈك ۋە مىللىي ئاڭ قاتارلىق ئەھۋاللارغا قاراپ ، ئىش كۆرۈلىدۇ . كۇڭزى لۇ بەگلىكىدە ياشىغان . بۇ بەگلىكتىكىلەر كېيىنچە خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئاساسى بولغان . «خەنلىك» (汉人) ياكى «خەنزۇ» دېگەن مىللىي نام خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنى كۇڭزى زامانىسىدىن بىرقانچە ئەسىر كېيىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن كۇڭزىنىڭ ياشىغان بەگلىكى خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئېتنىك مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلغان بولغاچقا ، يالغۇز مۇتەپەككۇر كۇڭزىلا ئەمەس ، بەلكى شۇ بەگلىكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ دەپ ھېسابلىنىدۇ . ئەفلاتون ، پىلاتون ، ئارىستوتىل قاتارلىقلار قەدىمكى گرېتسىيىدە ياشىغان . تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، ئەينى زاماندا قەدىمكى گرېتسىيىدە نۇرغۇن مىللەتلەر بار بولغان . ۋاھالەنكى ، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بۇ مىللەتلەر ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ ، «گرېك» دېگەن بىرلا مىللەت قالغان .شۇنداق قىلىپ ، قەدىمكى گرېتسىيىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن چىققان ئالىملار ، ھازىرقى گرېكلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ، گرېك ئالىملىرى دەپ ئاتىلىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئالىملارنىڭ ئۆزلىرىنى گرېك دېمىگەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇلمايدۇ .

ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە مىللەتلەرنىڭ پەرقىدە بىرقەدەر روشەن خۇسۇسىيەتلەر كۆرۈلۈپ ، خېلى كۆپچىلىك ئالىملار ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا ، ئۆزىنىڭ مۇئەييەن بىر مىللەتكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئوخشىمىغان ئۇسلۇب ، بەلگە ئارقىلىق ئىپادىلىگەن . ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان بىرقاتار ئالىملار كۆپرەك ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىپ ، ئۆزىنىڭ بىر يۇرتلۇقلا ئەمەس ، بەلكى شۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئولتۇراقلاشقان ئاساسىي خەلققە مەنسۇپلۇقىنى ئىپادىلىگەن . مەسىلەن ، ئەبۇ رەيھان بېرۇنى ، مۇھەممەد خارەزمى ، ئەبۇ مۇھەممەد ئەل فارابى ، مەھمۇد كاشغەرى قاتارلىقلار .

يەنە ئايرىم ئالىملارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا شۇ ئالىملار بىلەن زاماندىش ياكى كېيىنرەك ياشىغان مۇئەللىپلەر تەرجىمىھال يازغاندا ياكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال يازغاندا ئالىملارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدىغان پاكىتلارنىمۇ يېزىپ قويىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ .

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى بىرقاتار مىللەتلەر ئۆزئارا كۈچ سىنىشىدىغان تارىخ بولۇپ ، بۇ جەرياندا ، بۇ چەكسىز كەتكەن زېمىن بەزى مىللەتلەرنى گاھىدا تۆرگە چىقارغان بولسا ، گاھى پەگاھقا چۈشۈرۈپ قويۇشقان . بۇنداق ئالمىشىشنى توختىتىشقا ھېچقانداق ئىجتىمائىي كۈچ قادىر بولالمىغان . مۇشۇنداق بىرقاتار ئىشلار تۈپەيلىدىن ، بەزى ئالىملار ، مەشھۇر كىشىلەر ئۆز قەۋمى ، مىللىتىگە ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىسىم فامىلىسىنىڭ بېشىغا ياكى ئاخىرىغا قەبىلە ، مىللىتىنىڭ ئىسمىنى قوشۇۋالىدىغان بىر خىل ئادەتمۇ بارلىققا كەلگەن . مەسىلەن ، ئۇيغۇر باخشى ، شاھ قۇلى ئۇيغۇر ، ئەمىر مۇزەپپەر بارلاس ، مىرزا ھەيدەر دوغلات ، شاھ مەھمۇد جوراس قاتارلىقلار .

بەزى ئۇلۇغ ئالىملار يۈكسەك غايە ، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۆزىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بېغىشلاش مەقسىتىدە ئەتەي ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ نامىنى يوشۇرۇپ ، ئاتىمايدىغان ئەھۋالمۇ بار . بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئۇلۇغ زاتلارنى مۇئەييەن بىر مىللەتكە تەۋە ئەمەس ، ياكى «دۇنيا مىللىتى» دېگىلى بولمايدۇ . مەسىلەن ، بىراقنى قويۇپ ، بىزگە ناھايىتى تونۇش بولغان ماركس ، ئېنگېلس ، لېنىن ، ستالىن ، ماۋزېدۇڭلارنى ئېلىپ ئېيتساق ، ئۇلار ئالدى بىلەن يەھۇدىي ، نېمىس ، رۇس ، گرۇزىن ۋە خەنزۇ مىللىتىگە تەۋە . بۇلارنى ھېچ كىشى خاس بىر مىللەتكە تەۋە ئەمەس دېيەلمەيدۇ .

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكىگە كەلسەك ، بۇ ئۇلۇغ شائىر ھەقىقەتەن ئۆزىنى «ئۇيغۇر» دېمىگەن ؛ ۋەھالەنكى «ئۇلۇغ ئۆزبېك شائىرى» دېيىلىپ دۆلەت نامىدىن دۇنيا ئالىملىرىگە تونۇشتۇرۇلغان ، ئالىملىرىنىڭ ئۆزبېك ... قايتا ـ قايتا جاكارلىنىۋاتقان ئەھۋال نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ ئۆزىنى «ئۆزبېك» دېگەن

قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى مۆلچەرلەيدىغان ھېچقانداق ئادەم بولمىسا كېرەك.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىش ئەخمەقلىق ۋە بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، شۇنداقلا قەستەن تارىخنى بۇرمىلاپ، ئادەمنى كولدۇرلاتقانلىق. چۈنكى يەركەن خانلىقى (1514 ـ 1680 ـ يىللار) نىڭ تارىخچىسى مىرزاھەيدەر (1500 ـ 1551) نەۋائىينىڭ ۋاپاتىدىن 45 يىل كېيىن يازغان «تارىخىي رەشىدى» ناملىق دۇنياۋى شۆھرەتلىك كىتابىدا ناھايىتى ئېنىق ئىبارىلەر بىلەن «اخىل وي از بخشيان اويغوراست پدراورا كىچككنه بخشى مىيكفتىند» (ئەلىشىر ئەسلىدە ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئېتىنى كىچىككىنە باخشى دېيىشەتتى.) دېگەن باياناتلارنى قالدۇرغان. بۇ كېيىنكىلەر يېزىۋالغان، ياكى ئويدۇرۇلغان نەرسىلەر ئەمەس، بۇنى دۇنيا ئىلىم ئەھلى بىلىدۇ. بۇ كىتابتا دېيىلگەن «ئۇيغۇر» نىڭ باشقا «ئۇيغۇر» بولۇشى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس، تۆمۈرىيلەر دەۋرى (1370 ـ 1507) دە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا يۈتكىلىش، ئارىلىشىش بولغان. سەمەرقەند، ھىرات قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت قىلغانلىقى توغرىلىق يازما خاتىرىلەر بار. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھىراتتا ئۇيغۇر باخشىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇشىنىڭ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھېچقانداق يېرى يوق. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ قول يازمىسى شىنجاڭدىلا ساقلانمىغان، چەت ئەللەردە بىرقانچە خىل نۇسخىلىرى بار.

B. ئەلىشىر نەۋائىي ھىراتتا ياشىغان، ھىرات بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرى ئەمەس، ھىرات = ئەلىشىر نەۋائىي = ئۇيغۇر، دېگەن تەڭلىك بەلگىسى ئارقىلىق پىكىر بايان قىلىشقا بولامدۇ؟

A. بىرەر مەشھۇر ئەربابنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەر ياكى شەھەردە تۇغۇلۇپ ياشىماي، باشقا خەلقلەرگە تەئەللۇق جايلاردا تۇغۇلۇپ، ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى دۇنيا تارىخىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان نورمال ھادىسە. ئۇلۇغ خەنزۇ شائىرى لى بەي بۈگۈنكى قازاقىستانغا تەۋە سۇياپتا تۇغۇلغان دېگەن قاراشمۇ بار. سۇياپ بۈگۈنكى كۈندە قازاقىستانغا تەۋە بولسىمۇ، ئەمما لى بەي يەنىلا خەنزۇلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ماركس گېرمانىيىدە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە پائالىيەت قىلغان، 1948 ـ يىلى دۆلەت قۇرغان ئىسرائىلىيىلىكلەر ماركس يەھۇدىي بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۆز مىللىتىدىن چىققان بىرىنچى قاتاردىكى ئۇلۇغ ئەرباب دەپ تونۇيدۇ، دەپ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىغا شۇنداق يازىدۇ. بۇنداق ئىشلارنى سۆزلىسەك، مىساللار ناھايىتى كۆپ.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھىراتتا تۇغۇلۇشى ئەينى دەۋردىكى ـ ئىجتىمائىي تارىخىي سەۋەبلەرگە باغلىق. ئۆز زامانىسىدا ھىراتقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ۋە باشقىلار ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توپلانغان. تۈركىي، پارسىي، موڭغۇل، ھىندى بولۇپ خىلمۇ خىل مىللەت كىشىلىرى ئارىلاش ياشىغان. غىياسىدىن باخشى جەمەتىنىڭ ھىراتتا ياشىشى تارىخنىڭ مەنتىقىسىگە سىغمايدىغان ھېچقانداق ھادىسە ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر بولماسلىقى كېرەكلىكىنىمۇ بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسىي نوپۇسى ياشىغان شىنجاڭ مۇھىتىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملار بىلەن بىر قاتاردا بولماسلىقىنى شەرت قىلمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىياغا (دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئوخشاش) ئوخشاش بىرەر مىللەت بىرەر بوستانلىقتا مەركەزلىشىپ ياشايدىغان ئەھۋالغىلا قارىۋەلىنسا نەزەر دائىرىنىڭ تولىمۇ تارلىقى بىلىنىپ قالىدۇ. بەزى مىللەتنىڭ دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىغا تارقىلىپ ياشايدىغانلىقىنىمۇ ئويلاش لازىم.

بۇ سوئالدىكى يەنە بىر نۇقتىغا بېرىلىدىغان تولۇقلىما جاۋاب مۇنداق: بۈگۈنكى كۈندە بەزى دۆلەتلەردە نەۋائىي «ئۇلۇغ ئۆزبېك شائىرى» دېيىلىدۇ. نەۋائىينىڭ يۇرتى بولغان ھىرات ئۆزبېكستان تېررىتورىيىسىگە كىرمەيدۇ. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئۆزبېكستاندىكىلەر باشقا بىر ئەلدە ياشىغان بىر ئۇلۇغ ئەربابنى نېمىشقا، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى دېيىشكە جۈرئەت قىلىدىغاندۇ؟ دېگەن مەسىلىمۇ ئايرىم كىشىلەرنىڭ سەمىدە بولۇشى كېرەك.

B . نەۋائىينى «ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ» ياكى «ئۆزبېك شائىرى» دەپ تالىشىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى . «ئۇيغۇر ، ئۆزبېك شائىرى» ياكى «تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق شائىر» دېسەكلا بولمىدىمۇ ؟

A . «نەۋائىينى ئۇيغۇر شائىرى» دېيىش ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن كەلگەن ، تارىخىي پاكىتلارغا تايىنىلغان ، ھەقىقەتلىكى ئىسپاتلانغان ئىلمىي قاراش . كېيىنكىلەر ئويدۇرۇپ چىققان ، سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنى چىقىش قىلغان قاراش بولماستىن ، بەلكى ئۆتمۈش ئاپتورلىرى ھېچقانداق ھېسسىياتقا بېرىلمىگەن ، بىرەر مىللەتكە يان باسمىغان ئەھۋالدا يېزىپ چىققان تارىخىي ھۆججەتلەر ئاساسىدا ئېيتىلىۋاتقان قاراش . ئېنىق ماكان ، زامان ۋە تارىخىي جەريانى بولغان مەنتىقىي قاراش . ئوخشاش زامان ۋە ماكاندا ئىنكار قىلىنىش قىسمىتىگە دۇچار بولمىغان تەستىقىي ھۆكۈملۈك قاراش . شۇنىڭ ئۈچۈن «نەۋائىي ئۇيغۇر شائىرى» دېيىلسە مەيلى تارىخىي ، مەيلى ئۇقۇم ، مەيلى مەنتىقىي جەھەتتىن توغرا بولغان بولىدۇ . «نەۋائىي ئۆزبېك شائىرى» دېگەن قاراشقا كەلسەك ، بۇنىڭ ھېچقانداق تارىخىي ئاساسى يوق . بۇنداق دېيىلسە روشەن ئۇقۇم خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ ، مەنتىقىي زىدلىق كۆرۈلىدۇ . تارىخىي ئاساس تارىخىي پاكىت دەپمۇ ئاتىلىدۇ . تارىخنى بايان قىلىشتا تارىخىي پاكىت ئاساس قىلىنىدۇ . تارىخشۇناسلىق ئىلمىدە تارىخىي پاكىت يازما تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ . بۇ ئىككىسىدىن ئايرىلغان تارىخىي پاكىت سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . نەۋائىي بىلەن زاماندىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان بىرەر يازما ھۆججەتتە نەۋائىي ئۆزبېك شائىرى ، دەپ يېزىلغان بولسا ئىدى ، ئۇنداقتا ، بۇنى تارىخىي پاكىتلار قاتارىغا قوشۇشقا بولاتتى . ماركس تارىخىي پاكىتلار توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن : «تارىخ قەيەردىن باشلانسا پىكىر يۈرگۈزۈشمۇ شۇ يەردىن باشلىنىشى لازىم» .① دېمەك ، تارىختا بىرەر تارىخىي ماتېرىيالدا «نەۋائىي ئۆزبېك شائىرى» دېگەن پاكىت يېزىلمىغان ئىكەن ، نەۋائىينى ئۆزبېك شائىرى ، دەپ تارىختا يېزىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق . بەزىلەر ، نەۋائىي ئىشلەتكەن چاغاتاي تىلىنى ئۆزبېكلەرنىڭ ئەجدادلىرىمۇ ئىشلەتكەن ، مانا مۇشۇ سەۋەبتىن نەۋائىينى «ئۆزبېك شائىرى» دېيىشنىڭ خاتا يېرى يوق ، دەپ قارايدۇ . مەلۇمكى يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىشتا تىل بىۋاسىتە ئامىل ئەمەس ، بەلكى ۋاسىتىلىق ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىل . تىل نەسەبى ھەرگىز ئىرق نەسەبى ئەمەس . تىل نەسەبىنى تۇر قىلىپ تىكلەپ مەدەنىيەت نەسەبى قىلىۋېلىشمۇ ئوخشاشلا بىمەنىلىك . «ئەگەر تىل نەسەبلىرى تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان قەدىمكى دەۋر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىلىدۇ ، دەپ قارالسا ، مۇقەررەر ھالدا ھازىرقى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتلىرى بەتامام ‹تىل دەرىخى› گە ئوخشاش ، بىرلا ياكى بىر نەچچىلا ئىپتىدائىي مەنبەگە ئىگە ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم بىر خىل نەسەبنى تەشكىل قىلىدىغان ‹تۇغقۇندى› ، مۇناسىۋەتلا مەۋجۇت دەيدىغان بىمەنە يەكۈن چىقىرىلىدۇ . . . (مۇبادا شۇنداق قىلىنسا) ھىندىلار بىلەن پارسلار ئارىئونلار تىلى دەۋرىدىكى يازما ئەدەبىيات مىراسلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ . ئالبانلار ھومېر داستانىغا ۋە يۇنان ئەپسانىلىرىغا قارىتا ‹تەۋەلىك ھوقۇقى› غا ئىگە بولىدۇ . شەرقىي ياۋروپا ، جەنۇبىي ياۋروپا مىللەتلىرى قەدىمكى رۇسلارنىڭ داستانى – ‹ئىگور پولكى ھەققىدە› گە شېرىك بولىدۇ ؛ نېمىسلار ، ئېنگلىزلار ۋە گوللاندلار ئىسلاندىيىنىڭ قەھرىمانلىق داستانى ‹ئىدا› دىن ۋە ‹ساگا› دىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ . ئىسپانلار بىلەن ئىتالىيانلار فىرانسۇزلارنىڭ داستانى ‹رولاندقا مەدھىيە› دىن ۋە فىرانسىيىنىڭ مەشھۇر چەۋەندازى پىروۋىنس لىرىكى-

① «ماركس – ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، بېيجىڭ ، 2 – توم ، 210 – بەت ، 1981 – يىلى نەشرى

بلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ»[1] . بۇ خىل ئەھۋالغا مىسال ئالساق ، دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىن يەنە نۇرغۇن مىساللار بار . مەيلى تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەتلەردە بولسۇن ، مەيلى باشقا مىللەتلەردە بولسۇن ، «تىل تۇغقانچىلىقى» غا قاراپ ، ئەدەبىياتنى (ياكى ئاپتورنى ) تەۋەلىككە ئايرىش ئوبيېكتىپ ئىلمىي قاراش بولماستىن ، بەلكى سۇبيېكتىپ ، بىمەنە قاراشتىن ئىبارەت . دېمەك ، نەۋائىي ئىشلەتكەن تىل چاغاتاي تىلىنى ئۆزبېكلەرمۇ ئىشلەتكەن ، (مۇشۇ تىل نەسەبىگە قاراپ ) «نەۋائىي ئۆزبېك» ، دېيىش ، قىلچىمۇ پۇت دەسسەپ تۇرىدىغان دەۋا بولماستىن ، بەلكى مۇنداقچىلا دەپ قويۇلغان گەپ بىلىنگەنلىك .

«ئۇيغۇر ، ئۆزبېك شائىرى» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك ، ئۇيغۇر بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ بىر مىللەت ئەمەسلىكىنى ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىغاندا ئۆزبېك مىللىتى گەۋدىلەندۈرۈپ چۈشەندۈرۈش سالاھىيىتىنى ھازىرلىۋالغان . بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە «ئۇيغۇر ، ئۆزبېك بىر مىللەت» دەيدىغان چۈشەنچە يوق . بىرەر كىتاب ، لۇغەت ياكى قامۇستا شۇنداق يېزىلغانلىقىنى ئۇچراتمايمىز . پەقەت نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى بەلگىلەشتە شۇنداق دېيىلىدىغان بولسا ، بۇ ئايرىم ئەھۋال . شۇنداقتىمۇ بۇ خىل ئايرىم ئەھۋال تارىخنىڭ باش ـ ئاخىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى ، يەككە ـ يېگانە ئۇقۇم كاتېگورىيىسـ-نى ھاسىل قىلماسلىقى شەرت . ئۇيغۇر بىلەن ئۆزبېكلەر ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولۇش جەھەتتىن مۇئەييەن يېقىنلىقتا ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن ئىككى مىللەتنىڭ يېقىنقى زامان مىللەتلىرى بولۇپ شەكىللىنىشى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان تارىخىي جەريانغا ئىگە . ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ھەم مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدىمۇ كېنىق پەرق بار . مۇبادا بىر خىل پەرق بولمىسا بۇلارنى ئىككى مىللەت دەپ قاراش ئىلمىي ئاساسنى يوقاتقان بولاتتى ؛ بۇنىڭدىن باشقا «ئۇيغۇر ، ئۆزبېك شائىرى» دېگەن قاراش مەنتىقىي زىدلىقىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان . تۈركىي تىلى ئائىلىسىدىكى مىللەتلەرنى تۈرگە بۆلگەندە 20 ، 48 ، 62 ، 191 خىل تۈر بار دەپ قارايدىغانلار مەۋجۇت ، ئەمما بەزى ئالىملار ھازىرقى زامان ئۆلچەملىك تۈركىي تىلىنى 30 ـ 40 خىلدىنلا ئىبارەت ، دەيدۇ . مۇشۇ كېيىنكى قاراشقا ئاساسەن ، ئۇيغۇر ، ئۆزبېكلەر ئايرىم تىل تۈرگە ئايرىلغان . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ مىللەتلەرنى تۈرگە ئايرىغاندا ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر ئايرىم مىللەت دەپ ئايرىلىدۇ . شۇنداق ئىكەن ، نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىغاندا ياكى ئۇيغۇر دەپ ياكى (بەزىلەرنىڭ ئويدۇرما قارىشىنى ۋاقىتلىق ھېسابقا كىرگۈزۈپ تۇرغاندا ) ئۆزبېك شائىرى دەپ ئاتاش لازىم . «ئۇيغۇر ، ئۆزبېك شائىرى» دېيىش ئۇچۇن ئۇيغۇر ، ئۆزبېكلەرنى مىللەت جەھەتتىن تۈرگە ئايرىشتىكى ئۆلچەمنى بىكار قىلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ . دۇنيادا ئىككى مىللەتنى بىرلەشتۈرۈپ ، مۇئەييەن بىر مەقسەتتە بىر تۈردىكى مىللەت قىلىپ تىلغا ئېلىش ھەققىدە ئايرىم تەبىر كەشىپ بولمىدى . ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر ئەسلى بىر مىللەت ئىدى ، دەپ مادارا چىلىق قىلىش رىئاللىقنى ئېتىراپ قىلمىغان تەرسالىقتىن ئىبارەت . ھېچ بولمىدى دېگەندىمۇ ، باشقىلار (مەسىلەن ، ئۆزبېكلەر ) ئاللىبۇ-رۇن ئېتىراپ قىلىپ بولغان ئەھۋالدا ، يىراقتا تۇرۇپ ھىجاراپ ، خوتۇن كىشىدىن پەيشەنبىلىك تىلەشكە چۈشۈپ قالغاندەك سالپىيىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس . شۇ نەرسە ئەستە چىڭ بولۇشى لازىمكى ، تارىخ ھەرگىز كەينىگە قايتمايدۇ . ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزى بىلەن تەڭ ئالتۇن خەزىنە راسلىسىمۇ ئۆزبېكلەر ئۆزىگە ھەرگىز قاتمايدۇ .

«نەۋائىي تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق شائىر» دېگەن مەسىلىگە مەخسۇس جاۋاب بېرىش زۆرۈر ، چۈنكى ، بۇ ئادەتتىكى مەسىلە ئەمەس ، بەلكى ناھايىتى چوڭ مەسىلە .

(داۋامى بار )

---

[1] ليۇبېڭ : « ،قۇتادغۇبىلىك ، تەقىقاتىدىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1990 ـ يىل ، 3 ـ سان ، 137 ـ بەت ، ئۈرۈمچى .

# تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر

ئىسمائىل جېلىل

تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇلكۈرە، تېكەس، كۈنەس، نىلقا، توققۇزتارا، قورغاس، ئارشاڭ، تولى، دۆربىلجىن قاتارلىق ناھىيىلەردە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى تەسۋىرلەنگەن ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر (بالباللار)، تاشقا ئويۇلغان نەپىس، سىپتا قىيا تاش رەسىملىرى بار. ئېگىزلىكى ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان بۇ تاش تۈۋرۈكلەردە كەمەر باغلىغان ئادەملەرنىڭ ئوبرازى نەپىس سەنئەت شەكلى ئارقىلىق روشەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ مول، رەڭدار ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە تىپ بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

بۇ خىل ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى دائىرىسىدە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، تەكشۈرۈشلەرگە ۋە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىز دائىرىسىدە پەقەت شىنجاڭدىلا بار ئىكەن. بۇ خىلدىكى تاش ھەيكەللەر ياپلاقتىكى كۆچمەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان چارۋىچىلارنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، چوڭ تىپتىكى بۇ ھەيكەللەرنىڭ بەزىلىرى قەددى ـ قامەتلىك، سۇمباتلىق، بەزىلىرى مەرد، ساددا يەنە بەزىلىرى سالاپەتلىك بولۇپ، ئۇلاردا تۈرلۈك قىياپەت ۋە ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەرنىڭ ياسىلىشىدىكى بۇنداق پەرق قانداقتۇر قەدىمكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىلھامىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس؛ ئۇنىڭ دەۋر، مىللەت (قوۋم)، رايون ياكى تەبىقە قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. تاش ھەيكەللەر كۆپىنچە، تاش تاۋۇت ياكى تاش دۆۋىلەنگەن قەبرىلەر بىلەن بىللە قويۇلغان بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ئالدىدا ئالاھىدە بەلگە بولۇش رولىنى ئوينىغان. شۇڭا تاش ھەيكەللەر ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي رايونىدىكى ۋە غەربىي شىمال رايونىدىكى مىللەتلەر ئارخېئولوگىيىسى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تېما ھېسابلىنىدۇ.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 1956 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بەزى رايونلاردا نۇقتىلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ئالتە ئورۇندىكى 11 تاش ھەيكەلنى تەكشۈرگەن. ئۇلار ئىگىلىگەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئىلى ۋادىسىدىن ئالتايغىچە بولغان ياپلاقلاردىكى 70 ئورۇندا ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەل ۋە ھەر خىل قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ بارلىقى، شىنجاڭ بويىچە 200 نەچچە تاش ھەيكەل بارلىقى ئېنىقلانغان. بۇنداق ھەيكەللەر ئالتاي ۋىلايىتىدە كەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئىلى، بۆرتالا، شەرقىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. شىنجاڭ ياپلاقلىرىنىڭ كەڭ، تاغ ـ دەريالىرىنىڭ ھەر تەرەپكە سوزۇلغانلىقىنى، تېخى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن بوشلۇقلارنىڭ بارلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، تارىختىن قېپقالغان تاش ھەيكەللەرنىڭ سانى ھەرگىز بۇلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

تېكەس ۋادىسىدىكى ئوتلاقلاردا تىك تۇرغان ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەرنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ تاش ھەيكەللەرنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن،

بەزىلىرى (تېكەسنىڭ قۇشتاي ، قاراغانتى قاتارلىق جايلىرىدىكى تاش ھەيكەللەر ) كىچىكرەك بولۇپ ، ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن ئاشىدۇ ؛ بەزى تاش ھەيكەللەر ناھايىتى نەپىس ياسالغان بولۇپ ، تۆۋەنكى قىسمىغا خەت ئويۇلغان . ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن ، نەپىس ياكى ئاددىي قىلىپ ياسالغان بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى بىر خىل يەنى يالاڭئاياغ ، چوڭ يۈزلۈك ، كەڭ پېشانىلىق ، بۇرۇتلۇق بولۇپ ، بېلىگە كەمەر باغلىغان . سول قولىدا كەمەرگە ئېسىلغان خەنجەرنى تۇتۇۋالغان . ئوڭ قولىدا جامنى مەيدىسىگە تىرەپ تۇرغان ھالەتتە تۇرىدۇ .

تارىخىي خاتىرىلەردە : «قەدىمكى زاماندىكى تۈركىي مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئاساسەن ئادەم ئۆلسە ، تاۋۇتنى كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇپ ، ئات ، كالا ، قوي سويۇپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، مۇۋاپىق كۈننى تاللاپ دەپنە قىلاتتى ۋە قەبرە ئۈستىگە خادا تاش ئورنىتىپ ، ئۇنىڭغا شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ قوياتتى ؛ ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا قانچە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا ، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە شۇنچە خادا تاش تىزىپ قوياتتى ۋە بۇ خادا تاشلارغا ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى يېزىپ قوياتتى» دەپ يېزىلغان . تېكەس ۋادىسىدىكى تاش ھەيكەللەر ئاشۇ خىلدىكى خاتىرە تاشلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

بۇنىڭدىن باشقا يەنە موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ يايلاقلىرىغا قويۇلغان تاش ئادەملەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ . مەسىلەن ، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىدىكى ئۈچ دانە ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەلنىڭ ئىككىسى ئاقسۇ يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ـ بىرىگە پاراللېل (جەنۇب ـ شىمال ) ھالەتتە ئورۇنلاشقان ، ئارىلىقى يېرىم چاقىرىم كېلىدۇ ، ھەر ئىككى ھەيكەلنىڭ يۈزى شەرققە قارىغان بولۇپ ، تىك چاسا شەكىلدىكى ئۇزۇن تاشتىن ئويۇپ ياسالغان . شىمالدىكىسىنىڭ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 32 سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 48 سانتىمېتىر بولۇپ ، ساقال ـ بۇرۇتى بار ؛ جەنۇبتىكىسىنىڭ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 35 سانتىمېتىر ،ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ . يەنە بىرى شوتا يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ، يۈزىنىڭ كەڭلىكى 32 سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر ، ياسىلىش شەكلى ئالدىنقى ئىككى تاش ھەيكەلگە ئوخشاپ كېتىدۇ .

كىچىك خونۇقايدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەل موڭغۇلكۈرە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 3 .2 مېتىر ، كەڭلىكى 35 سانتىمېتىر كېلىدۇ . يۈزى شەرققە قاراپ تۇرغان بۇ ھەيكەلنىڭ ئوڭ قولىغا جام (قەدەھ ) تۇتقۇزۇلغان بولۇپ ، چېچى ئۆششاق ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا تاشلانغان ، دۈمبىسىگە بىر نەچچە قۇر سوغدىچە يېزىق ئويۇلغان . بۇنداق يېزىق ئويۇلغان ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەل شىنجاڭ بويىچە پەقەت مۇشۇ بىر ئورۇندا بولۇپ ، ئىنتايىن قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ .

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ كۆپىرت تېغىدىكى يايلاققا جايلاشقان ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 70 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر بولۇپ ، ساقال ـ بۇرۇتىنى تەستە پەرق ئەتكىلى بولىدۇ . يۈزى شەرققە قاراپ تۇرغان بۇ ھەيكەلنىڭ ياسىلىشى بىر ئاز قوپال ، ھېچقانداق بەلگە ئويۇلمىغان ، ئارقىسىغا ئۇششاق تاش پارچىلىرى دۆۋىلەنگەن بولۇپ ، قارىماققا قەبرىنىڭ ئالدىدىكى ھەيكەلدەك كۆرۈنىدۇ . شۇڭا ئۇ «قەبرە ئالدىدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

ئاغىيازدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى ئاغىياز تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ ، جەمئىي ئىككى دانە . بىر ـ بىرىگە پاراللېل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان (جەنۇب ـ شىمال ) بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئارىلىقى 700 مېتىردەك كېلىدۇ . شىمالدىكى تاش ھەيكەل تىك ، ئۇزۇن چاسا شەكىلدىكى تاشقا ئويۇپ ياسالغان بولۇپ ، ئېگىزلىكى 4 .1 مېتىر ، كەڭلىكى 47 سانتىمېتىر كېلىدۇ ؛ كۆز ، ئېغىز ، قۇلاق ، بۇرۇنلىرى خېلى سىپتا ياسالغان ، سول قولىدا جامدەك بىر نەرسە بار . جەنۇبتىكى تاش ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 1 .1 مېتىر ، كەڭلىكى 28 سانتىمېتىر ، قېلىنلىقى 26

سانتىمېتىر بولۇپ، يۈز شەكلىنى ئارانلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

خۇدخۇردىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ئاقسۇ يېزىسىدىكى خۇدخۇر دېگەن جايغا جايلاشقان. بۇ ئىككى ھەيكەلمۇ پاراللېل ھالەتتە (جەنۇب - شىمال) ئورۇنلاشقان بولۇپ، يۈزلىرى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 500 مېتىر كېلىدۇ. شىمالدىكىسىنىڭ ئېگىزلىكى 1.3 مېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر بولۇپ، ئېغىز، بۇرۇن، كۆز، قۇلاقلىرى خېلى سېپتا ياسالغان. جەنۇبتىكىسىنىڭ ئېگىزلىكى 98 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 36 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 25 سانتىمېتىر كېلىدۇ. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەرنىڭ يىل دائىرىسى ھەققىدە يەكۈن چىقىرىش بىر ئاز قىيىن بولسىمۇ، ياسىلىش شەكلى ۋە سېپتىلىقى جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئورتاق ئالاھىدىلىك بار. بۇ، بىزنىڭ مەزكۇر ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەرنىڭ يىل دائىرىسىنى ئېنىقلىشىمىزغا بەلگىلىك ياردەم بېرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگى، پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئادەم سۈرەتلىك بۇ تاش ھەيكەللەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇلارنى «ئېھتىمال VI - X ئەسىرلەرگە ئائىت مەدەنىيەت مىراسى بولسا كېرەك، تۈركلەر VI ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىلى، ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىغا تارقالغانلىقى ئۈچۈن، ئىلى ئۇلارنىڭ سىياسىي مەركىزىي ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تارىخىي ئىزلارنى قالدۇرۇشى شۈبھىسىز ئىدى» دەپ قارىغان. دەرۋەقە، ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر يالغۇز شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگىلا تارقىلىپ قالماستىن، «سوۋېت ئالىمى يېپچىنخاۋا ئالتاي تاغلىق رايونىدىكى تاش ھەيكەللەرنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى VI - X ئەسىرلەر، دەپ مۇقىملاشتۇرغان ھەمدە ئۇلارنى ئالتاي ئورخۇن تۈركلىرىدىن، دەپ كۆرسەتكەن.» يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەرنى دەسلەپكى قەدەمدە VI - X ئەسىرلەردىكى تۈركلەرگە ئائىت مەدەنىيەت مىراسلىرى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭنىڭ يايلاقلىرىدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەللەر ۋە يېزىقلار «يىپەك يولى»نىڭ شىمالىي تۈگۈنىگە جايلاشقان رايونلارنىڭ سودا - سېتىق، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى، شۇنىڭدەك سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا ئۆتكەن قەدىمكى خەلقلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە يېزىشتا بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

---

بىر ئادەم ئۇتۇق قازانماقچى بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ بارلىق قىزغىنلىقىنى قىلىۋاتقان ئىشىغا ئاتاش كېرەك. مانا مۇشۇنداق قىزغىنلىق ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە سودا ساھەلىرىدە سان - ساناقسىز مۆجىزىلەرنى ياراتقان. بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇتۇش ۋە ئۇتتۇرۇپ قويۇشنىڭ سىز بۆلگۈچىسى شۇ بولىدۇكى، بەزىلەر قىزغىنلىق بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشقا كىرىشىدۇ، بەزىلەر بولسا، ئۆزىنى پۈتۈنلەي شۇ ئىشقا ئاتىيالمايدۇ.

ئو. مارتىن

# ن. ف. پېتروۋسكىي دىپلومات ھەم ئۇيغۇرشۇناس

غ. ئىسھاقوف (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا روسىيىدە شەرقتىكى قوشنا دۆلەتلەرگە بولغان قىزىقىش بىلىنەرلىك ئۆستى. روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۈچىنىڭ زورىيىشى ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان قوشنىلىق مۇناسىۋىتىدە راۋاجلانغان سودا، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ياردىمىدە رۇسلارنىڭ شەرقشۇناسلىقىمۇ تەرەققىي قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا رۇس دىپلوماتىيىسى شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئۆز ئاكتىپلىقىنى كۆرسىتمۇۋاتاتتى. بىراق شەرقتىكى قوشنىلار بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىلەردە پەقەت مەخسۇس تەربىيىلەنگەن، ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تۇرمۇشى، تارىخى، ئىقتىسادى ۋە جۇغراپىيىسىنى بىلىدىغان ئادەملەر ئىشقا يارايتتى.

شەرىپلىك، ۋەتەنپەرۋەر شەرقشۇناسلار ئىچىدە ئەمەلىي ئىشلاردا چوڭقۇر بىلىمگە، مەقسەتچانلىققا ۋە ئەھمىيەتچانلىققا ئىگە بولغىنى نىكولاي. فېدوروۋىچ. پېتروۋسكىي (1908 ـ 1837) ئالاھىدە ئورۇن ساھىبىدۇر. بۇ دىپلومات ۋە شەرقشۇناسىنىڭ نام ـ شەرىپى روسىيە ۋە چەت ئەللەرگە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داڭلىق بولغان. لېكىن كېيىنكىلەر ئۆزى ياقتۇرىدىغان خىزمەتلەرنى كۆپ قىلغاچقا ئۇنىڭ ئەمگىكىنى ئۇنۇتتى. ھەتتا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىمۇ نەشىردىن چىققان كۆپ توملۇق تەلتوپلام ۋە قامۇسلارنىڭ قۇرلىرىدىمۇ، ئۆمۈر بايانچىل قوللانمىلاردىمۇ ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ قويۇلمىدى. بۇ تېخى ئازلىق قىلىدۇ. ئادەتتە شىنجاڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى، ئارخېئولوگىيىسى توغرىسىدا توختالغاندا ھېچقانداق ئادەم ن. ف. پېتروۋسكىي قەشقەردە يالاۋاچ[1] بولۇپ تۇرغان چاغدا يىغقان مول ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماتېرىياللارغا تايانغان يوق. ئۇ قەشقەردە مول، قۇۋۋەتلىك پائالىيەت بىلەن مەركىزىي ئاسىيادىكى رۇس غەربشۇناس تەتقىقاتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى سەيياھلىقى ۋە ئارخېئولوگىيىسىنى تەشكىللەش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى.

بۇ ساھەدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچى س. ف. ئولدېنبۇرگ بولسا پېتروۋسكىينى ئالىملارنىڭ «چىنىي تۈركىستاندىكى ئىلمىي ھوسۇللارنى يىغىشلارغا پائالىيەت دىققىتىنى بۇراشتا» بىرىنچى قەدەمنى باسقان ئادەم دەپ ئاتىدى.

ن، ف، پېتروۋسكىي شەرق تەتقىقاتىغا ياش ۋاقتىدىلا قىزىققان. ئۇ تېگى ـ تېگىدىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئاھالىسى بولغان شەرقلىقلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە تىلىنى ئوبدان بىلەتتى. 1867 ـ يىلى ئۇ تۈركىستان مەركىزىي ئۆلكىسىدە تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، مەزكۇر مەمۇرىيەتتە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. تاشكەنتتە ئۇ تۈركىستان بۆلۈمى جەمئىيىتىنىڭ رۇس سانائىتى ۋە سودىسىنىڭ ئىقتىسادىنى بىر ياقلىق قىلىدىغان پائالىيەتچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تەشكىلداشلارغا يىغىنلاردىكى تۈركىستان مەركىزىي ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكىدارى[2] ك. پ، فون، كائوفماننىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتقان، قوشنا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئايرىم دوكلاتلارنى ئوقۇتۇراتتى. ئۇنىڭ كېيىنكى پائالىيەتلىرىنىڭ كۆچىيىشى بىلەن، 1872 ـ يىلى پېتروۋسكىي مالىيە باقانلىقىنىڭ[3] سودا ۋاكالەتچىسى بولۇش سالاھىيىتىدە بۇخارانىڭ ئەھۋالىنىڭ رۇس سودىگەرلىرى ئۈچۈن مۇۋاپىق ياكى نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بۇخاراغا ئەۋەتىلدى.

---

① يالاۋاچ ـ كونسۇل، ئەلچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز.

② ئۆلكەدار ـ چاغاتايچە «شەھەردار» نىڭ تەقلىدى. ئۆلكە باشلىقى دېگەن مەنىدە

③ باقانلىق ـ مىنىستىرلىك دېگەن مەنىدە

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى پائالىيەتلىرى ئايرىلىپ تۇرغان يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى (1864ـ يىلى) پەيدا قىلىپ، تەختتە ياقۇپبەگ ئولتۇرغان چاغدا، رۇس ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مۇرەككەپ ئورۇش ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنى تەڭشەشكە قول تىقىدىغان پائالىيەت دائىرىسى چەكلەندى. بۇ چاغدىكى ئەڭ ئەمەلىي چامدام يەتتە شەھەردە رۇس باش يالاۋاچ (كونسۇل) تۇرغۇزۇشقا ئورۇنۇپ بېقىش ئىدى. يالاۋاچخانا ئورگىنى ھەققىدىكى مەسىلە تېخى دەتالاشتا تۇرغان ۋاقىتتا، ك. پ. فون كائۇفمان بۇ كەسىپكە پايدىلىق ئادەم ھەققىدىكى مەسىلىنى ئويلىنىپ، تاشقى ئىشلار باقانلىقىغا يازغان مەكتۇپتە مۇنداق دېدى: «قەشقەردە يالاۋاچ (كونسۇل) تۇرغۇزۇش ھەققىدە كېلىشكەندە، پېقىر ئۇ يەردىكى تەرتىپ، ئۆرپ ـ ئادەت ھەم تىلىنى بىلىدىغان ئادەمنى تاللىغانلىقىڭلاردىن ۋاقىپسىز قالمىغايمەن».

رۇسىيىنىڭ ۋە رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن 1882 ـ يىلى بۇرۇنقى 1881 ـ يىلدىكى سان ـ پېتىربۇرگ كېلىشىمىگە ئاساسەن شىنجاڭدا (قەشقەردە، غۇلجىدا، ئۈرۈمچىدە، چۆچەكتە) تۆت يالاۋاچخانا تۇرغۇزۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەردىكى يالاۋاچخانا كۆرۈنەرلىك سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش قىلدى. مەركىزىي ئاسىيادىن قەشقەرگە تاۋار ۋە ئىلمە توقۇلما ماللارنى كىرگۈزۈش بىلەن بىرگە قەشقەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە مۇناسىۋەتنى كېڭەيتتى. بۇ چاغدا يەنە رۇسىيىگە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى توشۇتتى. بۇ چاغلاردا قەشقەر شەھىرىدە ۋە باشقا شەھەرلەردە سودىلىق قىلىدىغان بەلگىلىك ساندىكى رۇسىيە پۇقرالىرى ياشايتتى. بۇ ئەھۋال خۇددى رۇسىيىنىڭ چۆچەكتىكى سابىق يالاۋاچى ن. ف. بوگوياۋلېنسكىي ئېيتقاندەك «قەشقەر قاراۋۇللار پونكىتىغا ئوخشاش يەرلىك كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھىندىستان بىلەن ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئىنگلىزلارنىڭ تۈركىستاندىكى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا دۆلەتلەردىكى ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشتە سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە» بولۇشىنىڭ ئۆزى ئىدى.

رۇس باش يالاۋاچى ن. ف. پېتروۋسكىي قەشقەردىكى كەسپىي خىزمەتتە چوڭ ئەھمىيەتنى كۆرسىتىپ قەشقەردىكى رۇسىيە سىياسىتى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. ئاسىيانىڭ بۇ بۇرجىكىدىكى رۇس دىپلوماتىيىسى ن. ف. پېتروۋسكىينىڭ خۇسۇسىي سالاھىيىتى بىلەن كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ن. ۋ. بوگوياۋلېنسكىي ئېيتقاندەك «پېتروۋسكىي ـ يالاۋاچ ئىشى ئۈچۈن قانداق پايدىلىق پائالىيەت قىلىشنى بىلىشنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. ئۇ قەشقەردە 20 يىلچە خىزمەت قىلىش جەريانىدا قەشقەردىكى رۇسىيە سودىسى ئۈچۈن بەلگىلىك مىقداردا ئەجىر سىڭدۈردى. ئەگەر ئۇنىڭ مۇقىم، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەدبىرلىرى بولمىغان بولسا، رۇسىيىلىكلەرنىڭ مول سودىسى ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بولاتتى. رۇسىيە سودىگەرلىرى دائىم مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەن ھالدا بۇنىڭدەك ھەرقانداق ئىنسانغا ئاقىلانە، پىداكارانە ۋە ئاق كۆڭۈل مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەمنى ئەسلەيدۇ».

شىنجاڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ن. ف. پېتروۋسكىي جۇغراپىيە جەمئىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ۋە ئىلگىرىلەشلەرنى ئاتا قىلدى. پېتروۋسكىينىڭ نام ـ شەرىپى ن. ۋ. پېرژېۋالسكىي، ۋ. ئى. روبوروۋسكىي، پ. ك. كوزلوف، م. ۋ. پېۋسوف، ۋ. ف. نوۋتسكىي ۋە باشقا مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن تەشەككۈرانە ئەسلەندى.

ن. ف. پېتروۋسكىي قەشقەردىكى جۇڭگو مەمۇرلىرى ئارىسىدا چوڭ ئابروي قازانغان ئادەم بولۇپ يەنە غەربىي ياۋروپا سەيياھلىرىنىڭ ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ياردەمدە بولدى. 1886 ـ يىلى ئۇ ئىنگلىز سەيياھى يانگخاربانىنىڭ كەشمىرگە تاشقورغان ئارقىلىق ئۆتۈپ بېرىشى ئۈچۈن ياردەم بەرگەن. 1892 ـ يىلى پېتروۋسكىي ئەمەلىي ئىش بىلەن ئىنگلىز ئەر ـ ئايال سەيياھ لىتىلدايىللارنىڭ تارىم بىلەن لوپنۇرغا بېرىشىغا ياردەم بەرگەن.

1895 ـ يىلى ئىنگلىز سەيياھ يازغۇچى ك. بېكىم بىلەن ئۇچراشقان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، رۇس يالاۋاچخانىسىدا ئىنگلىز سىياسىيونى ماككارتنىنىڭ (ئەينى دەۋردىكى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى يالاۋاچى) سۇيىقەستلىك پائالىيەتلىرىگە قارىتا قارشى پائالىيەتلەردىن خۇشاللىنىش ئەكس ئەتتى. س. گېدىن ئۆزىنىڭ 1893 ـ 1897 ـ يىللىرى ۋە 1892 ـ 1902 ـ يىللىرى قىلغان سەپىرىدە باش يالاۋاچ پېتروۋسكىينىڭ «تەجرىبىچانلىقىغا ۋە ھەممىگە قابىل تەسىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە مېھماندوستلۇقىغا تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ.»

1897 ـ يىلى پېتروۋسكىي چىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىلەن قەشقەردە ئۇزۇن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ شەھەر

ئىچىدە ئا . شلاگىنتۋېيتنىڭ سابۇزغانىنى[1] ئازدۇر – كۆپتۇر قوراللىق قوغداشنى قولغا كەلتۈرىدۇ . ئا . شلاگىنتۋېيت ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە قەشقەرگە كەلگەن تۇنجى ياۋروپالىق ئىدى . پېتروۋسكىي بۇ سەيياھنىڭ قازا قىلغان ۋاقتىنى 1857 – يىلى 26 – ئاۋغۇست دەپ بېكىتىدۇ .

چىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئا . شلاگىنتۋېيتنىڭ ئۆلگەن يېرىدە ئۇنىڭغا سابۇزغان كولاشنى چەكلەيدۇ . لېكىن پېتروۋسكىي سابۇزغاننى رۇس يالاۋاچخانىسى تېررىتورىيىسىدە (چەكچىدە) قوغداپ قالىدۇ .

ن . ف پېتروۋسكىينىڭ ياۋروپا جامائىتى ئارىسىدا ئىناۋىتىنىڭ ئۆسۈشى ئۇنى ئاتالمىش «دالگىش ۋەقەسى» گە كۆپ قېتىم ئىشتىراك قىلغۇزىدۇ . 1888 – يىلى يەركەند شەھىرىدە سودا قىلىدىغان سودىگەر ئا . دالگىش قارا قورۇم ئارقىلىق لەخكە بارىدىغان كارۋان يولىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ . ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى دارمۇھەممەدتىن باشقا ھېچكىم قەشقەرگە ئۇقتۇرمايدۇ . بۇ چاغدا ن . ف . پېتروۋسكىيمۇ بەلگىلىك كۈچ چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ . لېكىن ئۇنىڭدىن بۇرۇن چىڭ ھۆكۈمدارلىرى كۈچ چىقىرىپ جىنايەتچىنى تۇتۇپ ئەنگلىيە تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ .

ن . ف . پېتروۋسكىي قەشقەردە تۇرغان چاغلاردا ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى ، تارىخى ۋە شىنجاڭ جۇغراپىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماتېرىياللارنى يىغقان . ئۇ بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ . «بۇ چاغلاردا مەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلىرىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغان يەرلىك كىشىلەر بىلەن يېقىنلىشىش ۋە ئۇلاردىن ۋاز كېچىشكە دۇچار بولدۇم . بۇ پائالىيەتچىلەرگە يېقىنلىشىش بىزدە ئۇلارغا نىسبەتەن ئانچە – مۇنچە تەكەللۇپمۇ پەيدا قىلىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئەسلەپ بەرگەندە ناھايىتى ھېسسىياتلىق بولۇپ ، مەن ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبەتلەردىن ئازراقنى تۇتۇۋالالىدىم . مەركىزىي ئاسىيانىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆتمۈشى ۋە باشقا شارائىتلىرىنى باشقا تەرەپتىن ئىگىلەش شۈبھىسىزكى تەسىرلىك .»

ن . ف پېتروۋسكىينىڭ قەشقەردىكى روسىيە باش يالاۋاچخانىسىدا (كونسۇلخانىسىدا) تۇرۇۋاتقان چاغدىكى پائالىيەتلىرى رۇس مەتبۇئاتلىرىدا باھالىنىپ مۇنداق دېيىلدى . «بۇ بىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ يىراق بۆلۈكىدە ھاسىل قىلغان ناھايىتى ياخشى چاغلىرى ئىدى .»

ن . ف پېتروۋسكىينىڭ سىياسىي پائالىيىتىدىن باشقا ئۇنىڭ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ بۇ جەھەتتە ھاسىل قىلغان بىلىمى تېخىمۇ گەۋدىلىكرەك . ئۇ قەدىمكى جۇڭگونىڭ ، بۇددىزمنىڭ ۋە نېستورىيانلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملىرىنى كەڭ دائىرىلىك يىغقان . يىغقان بۇيۇملارنى ئېرمىتاژغا ، ئاسىيا مۇزېيىغا ، ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى مۇزېيىغا يوللاپ تۇرغان . گەرچە ، س . ف . ئولدېنبۇرگ دېگەن زات ن . ف پېتروۋسكىينى «مەرىپەتپەرۋەر» دەپلا ئاتىغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ ، ئۇنىڭ خېلى كۆپ ماقالىلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيە ، تارىخ ، ئارخېئولوگىيىگە تەۋە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى .

پېتروۋسكىيغا تەۋە زور مىقداردىكى قوليازمىلار نەشىردىن چىقىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا . ئۇنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كەلگۈسى كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك . ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى تېخىچە كەڭرى تارقىلىشقا ئىگە بولغىنى يوق . ئۆتكەن دەۋردىكى يۈز بەرگەن پائالىيەتلەر توغرىسىدىكى تەبىئىي – تۇغال بايانلار ، كۆپلىگەن يازمىشلار ۋە ئۇزۇن – ئۇزۇن قوليازمىلارنىڭ كۆپلىرى مۇھىم ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق . پېتروۋسكىي بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ « . . . مېنىڭ قەتئىي تەلەپ قىلىشىم بىلەن ماڭا بېرىلدى . مەن كۈتۈۋاتقان كېيىنكى تولۇق ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى قولغا چۈشۈرمىگىچە مەن ۋاقتىنچە ئۇلارنى نەشرگە تەييارلاش مەقسىتىدە بولمىدىم . بىراق قوليازمىلار ياتىدۇ . ۋاقىتلار ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ ، خىزمىتىم باشقا ياققا بۇرۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ .»

پېتروۋسكىينىڭ ئىلمىي پائالىيىتى ئۇنىڭغا دۇنياۋى نام – ئابروي ئېلىپ كەلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ شەرقشۇناسلىق تەرەققىياتىدىكى توپلىغان ماتېرىياللىرى (تۆھپىسى) بىلەن كۆپلىگەن روسىيە ۋە ياۋروپا تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزاسى ئىدى . پېتروۋسكىينىڭ ئىسمى «روسىيە ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ئاسىيانىڭ قامۇسلىرىنىڭ كىرىش قىسمىنى باشلىغان ئالىم ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ شەرەپلىك ئىسمى» قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ تۇرماقتا .

**رۇسچىدىن يۈسۈف ئىگەم تەرجىمىسى**

---

① سابۇزغان – قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ ، يات دىندىكىلەر قەبرىسى دېگەن مەنىدە .

# تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

## دۇنيا مەدەنىيەت كرىزىسىغا دۇچ كەلمەكتە (ۋېي شاۋجى)

يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئاخبارات ۋاستىلىرى دۇنيادىكى جانلىقلار خىلمۇ خىللىقىنىڭ كرىزىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆپلەپ خەۋەر قىلىپ، كىشىلەرگە مۇھىتنى، جانلىقلار خىلىنى قوغداشنى مۇراجىئەت قىلماقتا. مېنىڭچە، ئىنسانلارمۇ ئوخشاشلا كرىزىسقا دۇچ كەلمەكتە، لېكىن بۇ كرىزىس جانلىقلار دۇچ كەلگەن كرىزىستەك كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايۋاتىدۇ.

دۇنيادا تەخمىنەن 6000 خىل تىل بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى تېز يوقالماقتا. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا 8000 خىل تىل بار ئىدى. 20 يىلدا 2000 خىل تىل ئازايدى. ئىنتېرنېت تورىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ تىلنىڭ يوقىلىشى تېزلەشمەكتە.

تىلنىڭ يوقىلىشى دۇنيا مەدەنىيىتى خىلمۇ خىللىقىنىڭ ئازىيىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى تىلنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىللە، ئەسلىدە شۇ تىلنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەتمۇ يوقىلىدۇ. نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشاش ئۈچۈن ئانا تىلى ۋە مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، دۇنياۋى مەدەنىيەت ئېقىمىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

دۇنياۋىلىشىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ بېرىۋاتقان مەسىلە مەدەنىيەتنىڭ بىر خىللىشىش ھادىسىسىدۇر. ئامېرىكىنىڭ ھوللىۋود كىنولىرى، كوكاكولا، ماك دونالد، ھامبۇرگ توقچى، CNN خەۋەرلىرى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى ئىگىلىدى، دۇنيامۇ ئۇلارنى ناھايىتى ئاسانلا چۈشەندى ۋە قوبۇل قىلدى.

جانلىقلار خىلمۇ خىللىقىنىڭ يوقىلىشى جانلىقلار دۇنياسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى خەۋپكە دۇچار قىلغاندەك، دۇنيا مەدەنىيەت ساھەسىمۇ ئوخشاش مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە. لېكىن مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى شۇكى، جانلىقلار خىلمۇ خىللىقىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆپلىگەن كىشىلەر چۈشىنىپ يەتتى، لېكىن مەدەنىيەتنىڭ ھەر خىللىقىنى ساقلاش ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە، مەدەنىيەت ھەر خىللىقىنىڭ مۇھىملىقى جانلىقلار خىلمۇ خىللىقىنىڭ مۇھىملىقىدىن قىلچە قېلىشمايدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ھەر خىللىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، ئىنسانلار نەچچە ئون مىڭ يىلدىن بۇيان توپلىغان مەدەنىيەت ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. فرانسىيىلىك سوتسىئولوگ پىرلو بوۋدىيى مۇنداق دەيدۇ: ئەركىن سودىنىڭ ئومۇملىشىشى مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى قوغداپ قېلىشنى بارغانسېرى قىيىنلاشتۇرماقتا. يازغۇچى ۋە زىيالىيلار ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئېرىشكەن سەنئەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىمۇ دۇنياۋىلىشىش سودا مەنتىقىسىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا.

يېقىندا خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىنىڭ باش شتابى ئالدىدا يەر شارىلىشىشقا قارشى نامايىش بولدى. مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يەر شارىلىشىشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىم تېمىغا ئايلىنىپ قالدى.

# ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆزگەرتىش راستىنلا «دەۋرنىڭ تەرەققىياتى» مۇ؟

مۇھەممەدتۇرسۇن ئىبراھىمى

2000 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى ۋە باشقا گېزىت ـ ژۇرناللاردا بىرقانچە ئەپەندىلەرنىڭ ھازىر قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنامىلىرى، پىكىر ـ تەكلىپلىرى ئېلان قىلىندى ھەمدە بىر قىسىم سۆھبەت ـ مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا يېزىق ئۆزگەرتىشكە دائىر پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. جەمئىيەتتە بۇ ھەقتە غۇلغۇلا پەيدا بولدى. بۇ مەسىلە ھەققىدە بىر قىسىم ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى ھەققىدىكى مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختا، پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىگە خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتلەردە ئۆز دەۋرىگە يارىشا خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىپ، يېزىقنى ئەڭ بۇرۇن كەشىپ قىلىپ، پارلاق مەدەنىيەت دەۋرىنى باشلىغان، يېزىق ئارقىلىق ئۆز تارىخىنى خاتىرىلەپ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان، نۇرغۇن خانىدانلىق ۋە تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە يېزىق ئارقىلىق يېزىش ـ ئوقۇشنى بىلمەيدىغان باشقا قەۋم ـ مىللەتلەرگە ئۇستاز بولغان خەلق ئىدى. تاش پۈتۈكلەردىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلگەن ھېسابسىز يېزىق ـ مەدەنىيەت، ئاسارە ـ ئەتىقىلەر، كىتاب ـ ماتېرىيال ۋە باشقا بۇيۇملار ئۇيغۇرلارنىڭ پارلاق تارىخىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە دۇنيانىڭ، دۇنيادىكى مەشھۇر تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ، ئالىم ـ ئەدىبلەرنىڭ، تارىخچىلارنىڭ كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارلىرى، ھۆرمەت ـ مۇھەببەتلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلمەكتە. مەيلى قايسى دەۋردىكى يېزىق بولمىسۇن ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ بىرىنچى شەرتى بولغان مىللىي تىلغا ئىنتايىن مۇۋاپىق كەلگەن ۋە بۇ تىلنى تولۇق، سەنئەتلىك، رېتىملىق، ئاھاڭلىق، يېقىملىق، تۇراقلىق ۋە گراممatika جەھەتتىن مۇكەممەل قۇرۇلمىغا ئىگە قىلغان ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدىغان، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ يېزىقىدىنمۇ قېلىشمايدىغان دەرىجىدە ئىلمىي، ئاممىباب، بەلگە ـ تامغىلىرى ئاددىي، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، ساۋات چىقىرىش، قوللىنىشتا ئوڭاي ۋە ئەپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىك، ئەۋزەللىكى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ئىجادىيىتى، تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم قورال بولۇش فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى 1000 يىل جەريانىدا قوللىنىۋاتقان سۆيۈملۈك ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشۇپ، مىليونلىغان قەلبلەردە، ئالتۇن سەھىپىلەردە قۇياشتەك نۇر چېچىپ، سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىزنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىي ھاياتىدا ئۆچمەس خىزمەت، پارلاق تۆھپىلىرى بىلەن چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتنى قوزغاتتى. لېكىن ئۇيغۇر يېزىقى شەرەپلىك تارىخ ياراتقان، چوڭقۇر مۇھەببەت ئويغاتقان يېزىق بولسىمۇ، ئۇمۇ بىر خىل ئوبيېكتىپ شەيئى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىك ۋە ئارتۇقچىلىقتىن باشقا ساقلىنىشقا مۇمكىن بولماي قالغان بەزى يېتەرسىزلىك ۋە ماسلىشالماي قېلىشتەك بەزى كەمچىلىكلەرنىڭ بولۇشىمۇ ئەمەلىيەت. شۇڭا ئۇ ئۇزاق ئۆتمۈش ۋە ھازىرقى زامانىمىزدا قوللىنىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىندى، ئۆزگەرتىلدى، تولۇقلاندى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە چوقۇم ياخشى ھەل قىلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا تامامەن ئىشىنىمىز.

ئۇيغۇر يېزىقى ئۇزاق تارىخنىڭ ئەگرى ـ توقاي يوللىرىدا تەدرىجىي شەكىللىنىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلدى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكۈچى بارلىق خەلققە ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىپ، بارلىق مىللەت ئەزالىرىغا باب ـ باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدى. مۇنداق قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەت نەتىجىسىدە ئۇ كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ۋە قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىپ كەلگەن مۇقەددەس قانۇنىي مۈلكى بولۇپ قالدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا؛ «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقلىرىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ كۆرسەتكەندەك ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىقىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھەل قىلغۇچ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي، سىياسىي ۋە قانۇنىي ھوقۇقى. شۇڭا ئۇ چوڭ شەھەرلەردىكى بىر تۈركۈم ئەپەندىلەرنىڭ پىكرى بولۇپلا قالماي، بەلكى بارىكۆل يايلاقلىرىدىن پامىر ئېتەكلىرىگىچە، يۇرۇڭقاش قىرغاقلىرىدىن ئېرتىش دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان بىپايان زېمىندىكى ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، چارۋىچىلار، شەھەرلەردىكى

مۇنەرۋەر كاسىپ، ھەتتا ئائىلە ئاياللىرىغىچە بولغان كەڭ ئاممىنىڭ رايى، تەقەززالىقى ۋە ئېھتىياجى ھەمدە ئومۇمىي پىكرى بولۇشى كېرەك. بىر مىللەت ئۇزاقتىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان، ئومۇملاشقان، خەلقنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى بىر تۈۋرۈك بولۇپ كېلىۋاتقان يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى چوڭ بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇ يەككىلىك بىلەن بىردەملىك قىزغىنلىق، بىردەملىك ھېسسىياتقا تايىنىپ ھەل قىلىنىدىغان، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ خىيالىنى ئومۇمىي خەلقنىڭ مەجبۇرىيىتىگە ئايلاندۇرىدىغان، ھەر قەدەمدە بىردىن ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان، خالىغاندا قولغا ئېلىپ، خالىغاندا تاشلايدىغان ئويۇنچۇق قىلىۋېلىش ئاقىلانىلىق ئەمەس.

گەرچە شەرەپلىك تارىخىمىز، پارلاق مەدەنىيىتىمىز، ئۇلۇغ نامايەندە، مۇقەددەس كىتابلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىپ، سۆيۈنۈپ كەلگەن بولساقمۇ دۇنيادا. مەملىكەت ئىچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقى سان جەھەتتىن ھامان ئاز سانلىق مىللەت. تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي شارائىتى سەۋەبلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىپ كەتمىدى. خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى ئەمەس. ناھايىتى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، تېخى تولۇق ئوتتۇرا ئەمەس، بەلكى توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ تەلەپ قىلىنغان «ئىككى ئاساسەن» مۇ سان ـ سۈپەت جەھەتتىن تولۇق ئۆلچەمگە يېتىپ كەتمىدى. ئىقتىسادىي شارائىت، تۇرمۇش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كەڭ يېزىلار ۋە شەھەرلەردە يېڭى ساۋاتسىزلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بۇ، سەل قارىغىلى ۋە ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ئاساسىي دىققەت ئېتىبارى، زېھنىي كۈچىنى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلاشقا قاراتماي، ھە دېگەندىلا «يېزىق ئۆزگەرتىمىز» دېگەن مەسىلىگە قىزىقىپ كېتىپ، ھەددىدىن زىيادە تەقەززالىق، ئۆزىنى باسالماسلىق روھىي كەيپىياتىغا چۈشۈپ قالدى. پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنكىلىرىنى مىسال قىلساق. 50 ـ يىللاردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى ئۆزگەرتىش، بۇ چاغدا يېزىقنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن رۇسچە يېزىقىغا ئوخشاش ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان سىلاۋيان يېزىقىغا ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. نەتىجىدە بۇ يېزىق بويىچە ساۋات چىقىرىش، مەكتەپلەردە قوللىنىش، ئۆگىنىش جارى قىلىندى. نەتىجىدە، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان پايتەختلىرى تاشكەنت، ئالمۇتالاردا بېسىلغان «سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىيات خرېستوماتىيىسى (ئوقۇشلۇق)»، «بوكۋار ـ ئېلىپبە»، «فىزىكا» كۇرس I I I I قىسىملىرى، «ئالگېبرا»، «گېئومېترىيە»، «ترىگونومېترىيە» قاتارلىق دەرسلىك ماتېرىياللار، گېزىت ـ ژۇرناللار مەكتەپلەرنى قاپلاپ، ئۇلار رەسمىي دەرسلىك قىلىنغان، ئوقۇغۇچىلارغىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقىتىپ بېرىلگەن. مۇنداق ئەھۋال تاكى 61 ـ، 62 ـ يىللىرى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەت، ئىككى پارتىيە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 60 ـ يىللاردا بولسا ئۇيغۇرنىڭ يېزىقىنى خەنزۇتىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى يېزىلىشى لاتىنچە، ئوقۇلۇشى ئۇيغۇرچە بولغان ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىغا ئۆزگەرتىپ ئۇنى قوللىنىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تۆت يىل سىناق قىلىنغاندىن كېيىن گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسىنىڭ بۇيرۇقى سۈپىتىدە 1965 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇپ، ئول زاماندىكى ئەۋج ئالغان ئاممىۋى ھەرىكەت شەكلى بىلەن كەسكىن ھالدا ئومۇملاشتۇرۇلدى. گېزىت ـ ژۇرناللار، دەرسلىك كىتابلار، مۇھىم سىياسىي كىتابلار، ئەڭ كەڭ تارقالغان ماۋ زېدۇڭنىڭ تۆت توم تاللانما ئەسەرلىرى «ماۋ زېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە»، «سۇ بويىدا» ۋە باشقا كىتابلار ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق قانۇنلۇق ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرى يېڭى يېزىق بىلەن بېسىپ چىقىرىلدى. كونا يېزىقنى قوللىنىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ جەرياندا يېڭى يېزىقنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تەنتەنىلىك ئىلمىي ماقالىلەر، تەشۋىقات تېزىسلىرى بېسىپ چىقىرىلىپ، رادىئو ـ كانايلاردا تەشۋىق قىلىندى. كونا يېزىقنىڭ نۇرغۇن ئاجىزلىق، پاسسىپ، بېكىنمىچىلىك ۋە تەرەققىياتقا تەتۈر بولغان تەرەپلىرى رەھىمسىز تەنقىد قىلىندى. يېزىق ئۆزگەرتىشنى «ئىسلاھات»، «يېڭىلىققا كۆچۈش»، «دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئىلغار مىللەتلەرگە يېتىشىۋېلىش»، «زامانىۋى مىللەتلەرگە ئايلىنىش» دەپ مەدھىيىلەپ، ئۆزىگە گۈزەل تەسەۋۋۇر، ياڭراق شوئار بىلەن ئەينى يىللىرى ئەۋج ئالغان سول ئالدىراڭغۇلۇق كېسەللىكنىڭ قىزىتمىسىدا، زومۇ زور، مەجبۇرىي رەۋىشتە ئومۇملاشتۇرۇش بولدى.

مىڭ يىللارنىڭ مابەينىدە قوللىنىپ كەلگەن ئوقۇش، يېزىش، ئۆگىنىش، بىر ئەپلىك، خەلقنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان يېزىق ئورنىغا قوللىنىش مەجبۇرلىنىۋاتقان چەت ئەلچە يېزىق خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق زامانلارنىڭ مابەينىدە شەكىللەنگەن ئادەت، ھېسسىيات، تۇرمۇش شەكلى ۋە ھايات خاراكتېرىگە ماس كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن خەلقنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. مەنىۋى ھايات ۋە مەنىۋى ئېتىقاد

ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. سوبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ ئەھۋالنىڭ ئاكتىپ ۋە پاسسىپ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن يېزىقنى ئۆزگەرتىش، يېڭى يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بەكمۇ جاپالىق، مۇشەققەتلىك بولدى. تېخى ئەمدىلا خەت ساۋاتىنى چىقارغان مىليونلىغان كىشى يېڭىۋاشتىن ساۋاتسىز، نادان خەلق قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى.

قانۇن بويىچە قوللىنىلىدىغان يېزىق يېڭى يېزىق بولغىنى بىلەن كەڭ ئاممىا ئارىسىدىكى ئىشلار يەنىلا كونا يېزىق بىلەن بولۇۋەردى. كىشىلەر ھەرقانچە مۇھىم نەرسە بولسىمۇ، ئەگەر يېڭى يېزىق بولسا ئوقۇمىدى. شۇڭا بىر قىسىم ئەسەرلەر، گېزىت - ژۇرنال، مۇھىم ھۆججەتلەر ئىككى خىل يېزىق بىلەن بېسىلدى. بۇ ئەھۋال 1966 - يىلىدىن كېيىنكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئەۋجىگە چىقتى. چوڭ خەتلىك گېزىت، تەشۋىقات ماتېرىياللىرى، كوچىلارغا، تاملارغا يېزىلغان ئەڭ جاراڭلىق، ئەڭ ئىنقىلابىي شوئار ۋە يولىيورۇقلارنىڭ ھەممىسى كونا يېزىق بىلەن يېزىلىپ، ھېچكىم يېڭى يېزىق دېگەنگە قاراپمۇ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەبىئىي ھالدا بىر چەتكە چىقىپ قالدى.

يېڭى يېزىق دېگەندە ئۇنىڭ مەتبۇئات ئۈچۈن باسما شەكلى، چوڭى ۋە كىچىكى، قول يېزىق يازما خەت ئۈچۈن يازما شەكلى، چوڭى، كىچىكى، جۈملە بېشىدا چوڭ ھەرپ، خاس ئىسىملاردا چوڭ ھەرپ، قوشما ھەرپلەردىن ng, sh, ch, zh لەرنىڭ ھەربىر ھەرپىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى يەككە ۋەزىپىسى، ئۇلارنىڭ خەت ئارىسىدا تاسادىپىي بىر يەرگە كېلىپ قېلىشىنى ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بوغۇم ئايرىش بەلگىسى، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىشى، قولىيازما جەھەتتىكى شەخسلەرنىڭ يېزىقنى يەنە بىر كىشى ئوقۇيالماسلىق، مەيلى مەتبەئە، مەيلى يېزىق بولسۇن كۆپ ئورۇننى ئىگىلەش، شەخسىي ئالاقىلەردىكى ئوقۇ - ئوقۇشتىكى قىززىق، كۈلكىلىك ئىشلار بىرخىل تۇسالغۇ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يېزىق ئەمەلىيىتىگە پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېزىق بىلەن داۋام قىلىدىغان، شۇنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان مەدەنىي ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ كۆڭۈلسىزلىك سادىر بولۇپ، ھېلىقى ۋەدە قىلغان «گۈزەل ئىستىقبال» ئەكسىچە بولۇپ، مەدەنىي مائارىپتا ئىلگىرىلەش ئەمەس، «چېكىنىش»، تەرەققىيات، ئىلغار مىللەتلەرگە يېتىشىۋېلىش ۋە ئۆتۈپ كېتىش ئەمەس، بەلكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ساۋاتسىزلار بىلەن تەرەققىياتتىن يۈز قەدەم كەينىگە چېكىنىش بولدى. بۇ پاجىئە، سىياسىي جەھەتتىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «كوممۇنىزمغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىش» دېگەندەك ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ كەتكەن روھىي ھالەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىر خىل ئىپادىسى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇبىيەتلىك كۆرۈنۈشى بولدى. خەلقنىڭ رايى بۇ ئىشنى قوبۇل قىلمىدى. كەڭ خەلق ئاممىسى ھۆكۈمەتكە كونا يېزىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك بولدىكى، يېڭى يېزىقتىن ئەڭ ئاۋۋال يېڭى يېزىقنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلىپ ماقالە يازغان، ئىلمىي نۇتۇق سۆزلىگەن، تەكلىپ، قوللىنىش، يېڭى يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئاكتىپلىرىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر كونا يېزىقنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى 1960 - ، 1970 - يىللاردىكى بىر قېتىملىق پاجىئە بولدى. خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، كۆڭۈل رايىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ، سوبيېكتىپ ئەھۋالغا، يېزىق ئۆزگەرتىشكە ماس كېلىدىغان شەرت - شارائىتقا قارىماي «ھە - ھۇ» بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئالدىراڭغۇلۇق، شەكىلۋازلىق قىلمىشلىرى ئەمەلىيەتتە مەغلۇپ بولدى.

تۆت يىللىق سىناق، 17 يىللىق يېڭى يېزىق دەۋرى بىكارغا كەتتى. مىڭلىغان - مىليونلىغان گېزىت - ژۇرنال، كىتاب - ماتېرىيال، دەرسلىك، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئارخىپ - ھۆججەتلىرى، قايتا بېسىلغان ھەرقانداق باسما بۇيۇم ئەخلەت دۆۋىسىگە چۈشتى. مۇشۇ دەۋردە چوڭ بولۇپ ھەر خىل مەكتەپتە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان كىشىلەر ياكى يېڭى يېزىقنى تولۇق ئىگىلىيەلمەي، ياكى ئۆز ساۋاتىنى چىقىرىۋالغان كونا يېزىقتا راۋۇرۇس خەت يازالماي، بۇ پاجىئەنىڭ ئازابلىق كەچمىشلىرىدە تۇرۇپ، يېزىق - ئىملا ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنىڭ زور قوشۇنى بولۇپ كەلمەكتە. مۇشۇ دەۋردە مەكتەپلەردە ئوقۇغان نۇرغۇن ياشلار بۈگۈنكى كۈندە يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلار يېڭى يېزىقتا ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقاردى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي يېڭى يېزىق ئەمەلدىن قالدى. ئوقۇش، خىزمەت ۋە ھەر خىل سىناق، ئىمتىھان، ئىشقا قوبۇل قىلىش، ئۇنۋان ۋە باشقا ئىمتىھانلار كونا يېزىق بويىچە بولغاچقا ئۇلار ئەمەلىيەتكە ماس كېلەلمەي قېلىپ، يا ئۇيغۇرچە خەتنى تۈزۈك يازالماي ياكى خەنزۇچە خەتنى ئىگىلەپ بولالماي، ئۇنۋان ئېلىش ئەمەس، بەلكى خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرمۇشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم قېلىش خەۋپىدە تۇرماقتا. پاجىئەلىك بەدەل بىلەن نۇرغۇن ساۋاققا ئىگە بولدۇق. يېزىق ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئەزىمەتلەر ھەممىشە، «تەرەققىيات»، «ئىلغارلىق»، «زامانىۋى» دېگەن ئاتالغۇلارنى قوللىنىشقا، دارۋىننىڭ بىئولوگىيىلىك دۇنياغا ماس كېلىدىغان «تەدرىجىي تەرەققىيات» نەزەرىيىسىدىكى «ماسلاشقانلار ئامان قالىدۇ. ماسلىشالماي قالغانلار ھالاك بولىدۇ» دېگەندەك بىر قىسىم سۆزلىرىنى خالىغانچە ئۈزۈۋېلىپ، پروگماتىزملىق ھالدا ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ياتىدىغان يېزىق مەسىلىسىگە تەتبىقلاپ،

ئۇنى يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ ھەممىگە باپ كېلىدىغان دەستۇرى ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى تاقايدىغان «تاقاق» قىلىشقا بەك ئامراق ، بۇ 1980 ـ يىللاردىكى ھېلىقى دەبدەبىلىك ئىلمىي ماقالىلەردە بەك كۆپ نەقىل كەلتۈرۈلگەنىدى . 16 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى يېزىق ئۆزگەرتىش غۇلغۇلىسىدا ئۇلار يەنە مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن قايتا ئوتتۇرىغا چىقماقتا . «تەرەققىيات» دېسە جاھاندا ھەر كىم سۆيۈنىدۇ ، «ئالغا بېسىش» دېسە ھەر كىم ئىنتىلىدۇ . ھېچكىمنىڭ «تەرەققىيات» قا ، «ئالغا ئىلگىرىلەش» كە پۈتلىكاشاڭ بولغۇسى ، يېڭى دەۋرگە ماسلىشالماي ھالاك بولغۇسى يوق . لېكىن تەرەققىيات ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش قۇرۇق شوئارلارنى توۋلاپ قويۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ . قۇرۇق تەسەۋۋۇر بىلەنمۇ يېڭى ھاياتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە يەتكىلى بولمايدۇ ، ئۇنى ئويىېكتىپ شارائىت تەقەززا قىلىدۇ ، ھەر ئىشنىڭ تەقەززا قىلىدىغان ۋاقتى ـ سائىتى بار . يېزىق مەسىلىسىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش .

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق ، ئۇيغۇرلاردەك ئۆز تارىخىدا يېزىقنى كۆپ ئۆزگەرتكەن مىللەتلەر دۇنيادا ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ . ئەسلىسەك نۇرغۇن يېزىقلىرىمىز ۋاقتى ـ سائىتى كەلمەي ھالاك بولغان ياكى تاشلىۋېتىلگەن . قەدىمكى دەۋردىكى يېزىقىمىز ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇللارغا ئومۇملاشتۇ-رۇش جەريانىدا پەيدىنپەي موڭغۇل قەبىلىداشلارنىڭ يېزىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن . يەنە بىر قىسىم يېزىقلار بولسا تارىخ بورانلىرى تەرىپىدىن ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز قوللىرى بىلەن تاش ـ تۇپراقلارغا كۆمۈلگەن . دەھشەتلىك كەلكۈن ، زىلزىلىلەر سەۋەبلىك يېرىلىپ كەتكەن يارلىقلار ئارىسىدىن چوقچىيىپ چىققان تاش ئابىدىلەر ، تۇپراق ئاستىدىكى تارشا ـ تاختايلاردىكى يېزىقلارنى «تەرەققىي تاپقان» ئەۋلادلار ئوقۇيالماي ، گېرمان ، شۋېت ئالىملىرى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ياۋروپادىن دىيارىمىزغا كېلىپ ، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى كۆپ يىللار تەتقىق قىلىپ ، مىڭ تەستە ئۆگىنىپ ، ناھايىتى پەخىر-لەنگەن ھالدا ئۇنى بىزگە ئوقۇپ بەرگەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تارىختىكى يېزىقلىرىغا تەقلىد قىلىپ ، يېڭى ناملارنى قويۇپ بەرگەن . ئەجدادلىرى تەرەققىيپەرۋەر ، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان ئىسلاھاتچى قەھرى-مانلاردىن بولغان بولسا ، ئەۋلادلىرى نادان ۋە جاھىل بولۇپ قالغان . شۇنداق ئىبرەتلىك تارىخىي مىساللار بولسىمۇ ، لېكىن 2000 ـ يىللارغا كەلگەندە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ پارلاق نامايەندىسى بولۇپ ، خەلقىمىز بىلەن بىر جان ـ بىر تەن بولۇپ كەتكەن . نۇرغۇن ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق دۇنيادا پەقەت ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ بولغان يېزىقنى ھەر خىل ئەيىب ـ نۇقسانلار بىلەن قارىلاپ ، ئۇنى تۇپراق ئاستىغا دەپنە قىلىش «تەلەپ ـ تەشەببۇس» لىرىنى بىلمىسىز ، نادان ، جاھىل ، تارىخقا ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا قارشى يول ماڭىدىغان ھاماقەت كىشىلەر ئەمەس . بەلكى شۇ يېزىق ئارقىلىق مەدەنىيەت ئىگىلىگەن ، بىلىم ئالغان ، جاھانغا كۆزىنى كەڭ ئاچقان ، ئۆزلىرىنى «ئاقىل ـ دانا» دەپ ئاتايدىغان ، «ئالىم ، مۇتەخەسسىس» ئاتىلىق . «پروفېسسور . دوكتور» ئۇنۋانلىق ، خەلقنى تەربىيىلەيدىغان ، باشقىلارغا بىلىم بېرىدىغان كىشىلەر ھەدەپ ئۇلغايتىپ ، «تەرەققىيات» ، «دەۋرنىڭ تەقەززاسى» دەپ داۋراڭ سېلىپ ، توختىماي جامائەت پىكرى پەيدا قىلىۋاتىدۇ . بىر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئۇزۇش ھەرگىزمۇ قەھرىمانلىق ئەمەس . پەقەت ئۆزىگىلا مەنسۇپ تىل ۋە يېزىققا ئىگە خەلقنىڭ ماددىي ـ مەنىۋى ھاياتى بىلەن خالىغانچە ئوينىشىش ھەرگىزمۇ شەرەپ كەلتۈرمەيدۇ .

قايسى دەۋردىكى بولمىسۇن ، يېزىق ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ نەزەرىيىلىرى ئوخشاش . يىراق ھازىرقى تەشەببۇسچىلار «كومپيۇتېر» دېگەن بىر ئاتالغۇنى كۆتۈرۈپ چىقتى ھەمدە بۇنى «ھەممىگە قادىر» ، «ھەممىنى ھەل قىلىدىغان» بىر سىرلىق ئەنگۈشتەر ھېس قىلىپ قالدى .

ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە 1980 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمى ، بولۇپمۇ 1900ـ يىللار مابەينىدە كومپيۇتېر كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىپ ، مەدەنىي ھاياتىمىز ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ، كىتاب ، گېزىت ـ ژۇرنال ، نەشرىيات ، مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر قورالىغا ئايلىنىپ ، مىللىتىمىزنىڭ يېزىق ئىشلىرىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى .

كومپيۇتېرنىڭ قوللىنىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ 20 ـ ئەسىردە يېڭى بىر تارىخىي دەۋر ـ ئۇچۇر دەۋرىگە كەلگەنلىكىنىڭ ، جۈملىدىن ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بىر تارىخىي پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ مۇھىم دەلىلى ، ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ مەشھۇر ، ئىختىرا ـ ئىجادىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى

كومپيۇتېر كۆپ ساندىكى مۇرەككەپ لوگىكىلىق ۋە ئارىفمېتىكىلىق ھېسابلاشلارنى بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تېز سۈرئەتتە ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىدىغان ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنە بولۇپ ، ئىنسانلار نۇرغۇن ئىلمىي ۋە تېخنىكىلىق تەرەققىياتلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە كەشىپ قىلغان . ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىقتىدارلىق يۇمشاق دېتاللىرىنى تۈزۈپ ئۇنىڭ قوللىنىش دائىرىسىنى پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپ ، ئىلىم ـ پەن ، خەۋەرلىشىش ، كۆزىتىش ، باشقۇرۇش ، ھەربىي سانائەتتىن بازار ، سودا ، پۇل مۇئامىلە ۋە ئائىلە مۇلازىمىتى . . . قاتارلىق ساھەلەرگە ئېلىپ كىرىپ ، ئۇنى تېخىمۇ ئۇنىۋېرساللىق ۋە مۇكەممەل-لىككە ئىگە قىلماقتا . مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، كومپيۇتېرنى ئىنسان كەشىپ قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە قابىل ياردەمچى قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ھەر خىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇپ

كەلمەكتە .

1985 - يىللاردا ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە نۇرغۇن قابىل مۇتەخەسسىس، تېخنىكلار، چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن مۇنەۋۋەر ياشلار زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مەملىكەت بويىچە تۇنجى بولۇپ مىكرو كومپيۇتېرنىڭ MS—DOS مەشغۇلات سىستېمىسى (مىكروسوفت - دىسكا مەشغۇلات سىستېمىسى) شارائىتىدا ئىشلىتىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، رايونىمىزدىكى ئوڭدىن سولغا يېزىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىنىڭ كومپيۇتېردا بىمالال بىر تەرەپ قىلالماسلىقتەك چوڭ بىر تېخنىكىلىق بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، شانلىق ئۈلگىلەرنى ياراتقان .

پەن - تېخنىكىنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتى ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت يارىتالىلىقى . جاپانى راھەتكە، يىراقنى يېقىنغا، مۇشكۇلنى ئاسانغا ئايلاندۇرۇپ بەرگەنلىكىدە، بىزنىڭ پەن - تېخنىكىغا يۈرۈش قىلىشىمىز، ئۇنى ئۆگىنىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشىمىز، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ياشلارنى چەت ئەللەرگە، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇشىمىزدىكى ئاساسىي مەقسەت شۇ يەرلەردىكى ئىلغار پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى، ئىلغار مەدەنىيەتنى ياخشى ئىگىلەپ، ئۇلار ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى، مەدەنىي ھاياتىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقىنىڭ پەن - تېخنىكا، مائارىپ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پەن - تېخنىكىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شىنجاڭ قۇرۇش، ئۇيغۇر خەلقىنى زامانىۋى مىللەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت . بۇنى كۆپ تەكرارلىنىدىغان «چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى ئارقىلىق جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرۇش» دېگەن جۈملىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن .

يېزىق — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىلىك تارىخىي جەريانىنىڭ نەتىجىسى، ئۇ داۋاملىق، يەنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قېلىش، مەدەنىي ھايات، مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بىر مەزمۇنىغا ئايلىنىش، ماسلىشىش، سىڭىشىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، شۇ خەلق ھاياتلىرىنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە مىللىي ھېسلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ، شۇ خەلقتە چوڭقۇر سۆيگۈ مۇھەببەت ئويغىتىدۇ ۋە ئۇلاردا پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىدۇ . بۇنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ .

ھازىر ئۇيغۇر خەلقى قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلغان يازما بەلگىلەرنىڭ بىر پۈتۈن سىستېمىسىدۇر . ئۇ ئومۇمەن يېزىق تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا مەنسۇپ بولغان تىل تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلىگۈچى ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە، دۇنيادا تېخى يېزىقى يوق مىللەتلەرمۇ بار ھەمدە شەكىللىك - بوغۇملۇق يېزىقلارنى قوللىنىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن خەلق ۋە مىللەتلەرمۇ بار . يېزىق ھەققىدىكى نۇرغۇن خەۋەر - ئالاقىلەردىن قارىغاندا تېخى ئۇلارنىڭ «دەۋر تەرەققىياتى» ھەققىدىكى غول - غوللاردىن تەسىرلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي، ئەنئەنىۋى يېزىقلىرىنى تاشلىۋېتىش، باشقا يېزىققا ئالماشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق . ئەكسىچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېزىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، يېزىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئەۋزەللىكلىرىدىن پەخىرلىنىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ مۇكەممەل ھەمدە ئىلغار قىلىشقا باش قاتۇرماقتا .

مەسىلەن، ئاھالىسى 1 مىلياردىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە خەنزۇ خەلقى قوللىنىپ كېلىۋاتقان خەنزۇ يېزىقى، دۇنيادا ئىلغار مەدەنىيەتكە ئىگە ئېلېكترون - مېخانىكا ئىلمىي جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ياپون خەلقىنىڭ يېزىلىشى خەنزۇچە، ئوقۇلۇشى ياپونچە بولغان ياپون يېزىقى . شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك يولۋاس» نىڭ بىرى دەپ ئاتالغان كورىيە خەلقىنىڭ خەنزۇ يېزىقى ئاساسىدىكى كورىيە يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى شۇ مىللەت خەلقلىرى نەچچە مىڭ يىللارنىڭ مابەينىدە قوللىنىپ، خوجايىنلىق روھ بىلەن ئۇنى قوغداپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، مىللىي تىل - يېزىقلىرىنى ھە دېگەندىلا «ئۆزگەرتىمىز»، «تەرەققىياتنىڭ يېڭى پەللىسىگە چىقىمىز» دەپ سەكرىمەي، ھەممە روھىي جەھەتتىن ئۆزلىرى ياساپ چىققان «تاللايدۇ، شاللايدۇ» دېگەن ئېغۋالارغا ئالدانماي، باش چۆكۈرۈپ ئۆز خەلقى، ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىيات يولىنى بويلاپ، دۇنياۋى پەن - تېخنىكىنىڭ ئىلغار مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە مېڭىپ، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەل مىللەتلەردىن قىلىشقا ئىنتىلمەكتە ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ يېزىقلىرىنى كومپيۇتېردا بىمالال بىر تەرەپ قىلىپ، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە . جۈملىدىن، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدىغان ئەرەب يېزىقى ئىسرائىلىيە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئىبرانىي يېزىقى (ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ) نىمۇ نۇرغۇن تېخنىكىلىق ئۆتكەللەرنى ھەل قىلىپ، Windows مەشغۇلات سىستېمىسى (مىكروسوفت شىركىتى تۈزۈپ چىققان . مىكرو كومپيۇتېرلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان گرافىك يۈزلۈك كۆزنەكلىك مەشغۇلات سىستېمىسى) ۋە باشقا ھەر خىل مەشغۇلات سىستېمىلىرى بىلەن تولۇق ماسلاشتۇرۇپ، مەيلى ئىنتېر تورى ياكى باسما ئىشلىرىدا بولسۇن راۋان قوللانماقتا . تېخى ئەرەب يېزىقى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دائىملىق خىزمەت يېزىقى قىلىنىپ، دۇنياۋى يېزىققا ئايلاندى. بۇ مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش، ئىنگلىز تىلى ۋە يېزىقىنىمۇ پەن - مەدەنىيەت ۋە خەلقئارالىق ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىدە قوللىنىشتىن ئىبارەت قوش لىنىيىلىك يولنى تۇتۇپ، راۋان ھالدا تەرەققىيات يولىدا ماڭماقتا.

دەسلەپكى كومپيۇتېر ۋە ئۇنىڭ چوڭ تىپتىكى سىستېما يۇمشاق دېتاللىرىنى لايىھىلىگەنلەر ئىنگلىز يېزىقىنى ئىشلەتكەن خەلقنىڭ كەشپىياتچىلىرى بولغاچقا، ئۇلار يۇمشاق دېتاللارنى ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىغا ماسلاشتۇرۇپ لايىھىلىگەن. ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ كۆپلىگەن يۇمشاق دېتاللارنىڭ يېزىق بۆلىنىشىگە تەتۈر كېلىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەگەر كۆزلەرنىڭ ھەرىدە ياپون خەلقى، گېرمان خەلقى پاكى سانسكرىت يېزىقىنى قوللىنىدىغان ھىندى خەلقى ئۆز تىل - يېزىقلىرىغا مۇناسىپ يۇمشاق دېتال ۋە يەنە بىر خىل يېڭى ئەۋلاد كومپيۇتېرسىمان ماشىنا لايىھىلەپ، ئۇلارمۇ دۇنيادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، بۇمۇ جەزمەن ئۇيغۇر يېزىقىغا ماس كەلمەيدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىدىن بىۋاسىتە پايدىلىنىش يېزىق ئۆزگەرتىشكە سەۋەب بولسا، ئۇنداقتا پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ھەر قېتىم ئوخشىمايدىغان يۇمشاق دېتاللار مەيدانغا كەلگەندە پاكى يېزىق بۆلىنىشىمىزگە تەتۈر بولغان ئىلغار تېخنىكىلار مەيدانغا كەلگەندە بىر قېتىمدىن يېزىقنى ئۆزگەرتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. يۇمشاق دېتاللاردىكى ھەر خىل ماس كەلمەسلىكلەرنى چوقۇم ئەقىل - پاراسەت بىلەن، مەلۇم ئۇسۇللار بىلەن ئىزدىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تامامەن مۇمكىن، ئەمما كومپيۇتېر ئۈچۈنلا يېزىقنى ئۆزگەرتىپ، ئۇ ئارقىلىق ئۈچۈلارنى ئىنتېرنېتقا يوللاپ پۈتكۈل دۇنياغا تارقاتقان تەقدىردىمۇ ئۇنى يەنە ئىنگلىزلار، ياپونلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار ئوقۇيالمايدۇ. لاتىن يېزىقىنى قوللانغانغا يېزىقلار بىر - بىرىگە تەرجىمە قىلىنىپ قالمايدۇ، ھەتتا ئۇ پەقەت بىرنەچچە مىليون ئۇيغۇرلارغىلا مەنسۇپ بولغان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى سۈپىتىدە تار دائىرىلىك ھالدا بىر چەتتە تۇرۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيادىكى شەخسلەر كومپيۇتېرى ئىشلەتكۈچىلەرگە ئەڭ كۆپ تارقالغان، ئامېرىكا مىكروسوفت شىركىتىنىڭ Windows مەشغۇلات سىستېمىسىنى تۈزۈپ تارقاتقىنىغا تېخى بەش يىلچە بولدى. بىزنىڭ ئۇيغۇر كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال تۈزگۈچى خادىملىرىمىز ھەقىقىي ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن چوڭقۇرراق ئىزدەنمەي تۇرۇپلا، كومپيۇتېر ھەر خىل مەشغۇلات سىستېمىلىرىدىكى ئوڭدىن سولغا يېزىلىدىغان يېزىقلار ئۈچۈن تەمىنلەنگەن ئىقتىدارلاردىن تېخى تولۇق پايدىلىنالماي تۇرۇپلا، «بۇنى مىكروسوفت شىركىتى MS—DOS مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى بازارغا سالغان. ئۇيغۇرلار پەقەت 1985 - يىلىغا كەلگەندىلا MS—DOS مەشغۇلات سىستېمىسى شارائىتىدا خىزمەت قىلىدىغان. ئۇيغۇر يېزىقىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە يۇمشاق دېتاللارنى لايىھىلەپ چىققان ئىدۇق، ئۇ يۇمشاق دېتاللاردىمۇ مەلۇم يېتەرسىزلىكلەر ۋە مەشغۇلات ئاۋارىچىلىقى كۆپ بولسىمۇ. لېكىن بىز شۇ ۋاقىتتا «يېزىق ئۆزگەرتىمىز» دەپ تۇرۇۋالماي، شۇ يۇمشاق دېتاللار ئارقىلىق ئاخىرى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، تا ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى مەتبەئە، نەشرىيات ئورۇنلىرىدىكى كىتاب، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىقلارنى كومپيۇتېر ئارقىلىق ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا بېسىپ چىقىرىش مەقسىتىگە يەتكەن. دېمەك، بۇ جەريانلارغا ھازىر 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى، كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. 1995 - يىلى ئامېرىكا مىكروسوفت شىركىتى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر گرافىك يۈزلۈك مەشغۇلات سىستېمىسى Windows نى تۈزۈپ بازارغا سالغاندىن كېيىنلا، مىكرو كومپيۇتېرنىڭ يۇمشاق دېتال لايىھىلەش ئىشلىرىدا «چوڭ سەكرەش» يۈز بېرىپ، بۇرۇنقى MS—DOS سىستېمىسى شارائىتىدا خىزمەت قىلىدىغان كۆپلىگەن يۇمشاق دېتاللارنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ ۋە ئەمەلدىن قېلىپ، كېيىنكى يۇمشاق دېتاللار Windows قا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى ۋە ئىقتىدارى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. رايونىمىز تەۋەسىدىكى مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىنى مۇكەممەل بىر تەرەپ قىلىدىغان يۇمشاق دېتاللىرىمىز دەل MS—DOS مەشغۇلات سىستېمىسى شارائىتىدا خىزمەت قىلىدىغان يۇمشاق دېتاللار بولۇپ، مەشغۇلات جەريانى نىسبەتەن مۇرەككەپ، ئىقتىدارلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتاللىرىغا سېلىشتۇرغاندا كەمچىل، يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن مەشغۇلات قائىدىلىرىنى ئىگىلەش نىسبەتەن قىيىن، ئۇ Windows مەشغۇلات سىستېمىسى بىلەن تولۇق ماسلىشالمايدۇ. كومپيۇتېرغا مۇشۇ تۈردىكى ئىلغار مەشغۇلات سىستېمىلىرى قاچىلانمىسا، مەتبۇئات ئىشلىرىغا ئاساسەن تەسىر كۆرسەتمىگىنى بىلەن، كومپيۇتېرنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش ۋە خەلقئارا ئىنتېرنېتنى بىمالال زىيارەت قىلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرچە يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتاللىرىمۇ Windows تەك ئىلغار مەشغۇلات سىستېمىلىرىغا قاراپ يۈزلىنىشى كېرەك. بۇ قېتىمقى يېزىق ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبمۇ دەل مۇشۇنداق ئىلغار مەشغۇلات سىستېمىلىرىغا «تېزلىكتە ماسلىشىش» سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. يېڭى يېزىق كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرى بىلەن تېزلىكتە ماسلاشقان بىلەن، خەلقنىڭ رايىغا ئۇنچە تېز ماسلىشالىشى مۇمكىن ئەمەس،

ئەلۋەتتە .

ئەينى يىللاردا MS—DOS مەشغۇلات سىستېمىسى شارائىتىدىكى ئۇيغۇرچە يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتاللىرىنى تۈزەلىگەن ئىكەنمىز . هازىرمۇ Windows قا ئوخشاش ئىلغار مەشغۇلات سىستېمىسى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىمىزنى ماسلاشتۇرۇپ كېتەلىشىمىز چوقۇم مۇمكىن . يەنە كېلىپ هازىرقى يۇمشاق دېتال تۈزۈش تىللىرى (كومپيۇتېردىكى پروگراممىا لايىھىلەش تىلى بولۇپ ، شۇ ئارقىلىق ھەر خىل يۇمشاق دېتاللار لايىھىلىنىدۇ )مۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ ئىقتىدارلىق ، ئۆگىنىش ئاسان ، مەشغۇلات جەريانى MS—DOS مەشغۇلات سىستېمىسىدىكى پروگراممىا لايىھىلەش تىللىرىغا نىسبەتەن كۆپ قولايلىق . مۇنداق ياخشى شارائىتتا گەرچە رايونىمىز تەۋەسىدە كۆپلىگەن يۇمشاق دېتال تۈزگۈچى مۇنەۋۋەر ياشلىرىمىز يېتىشىپ چىقىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئىقتىدارى تېخى ئېھتىياجىدىن ئاشالمىغان بولغاچقا ، بۇرۇنقى نادىر يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكۈدەك يۇمشاق دېتاللار تېخى مەيدانغا كەلمىدى . بۇنىڭغا ئەلۋەتتە بەلگىلىك شارائىت ۋە ۋاقىت كېرەك بولسا بولىدۇ . ئىلغار مەشغۇلات سىستېمىلىرى بارلىققا كەلگىنىگە تېخى 6 ـ 7 يىل بولا ـ بولماي تۇرۇپلا ، يېڭى مەشغۇلات سىستېمىلىرىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ، ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە «بارچە يېزىق بىلەن ياخشى ماسلىشىش» تەك تېخنىكىلىق ئىقتىدارلىرىنى تولۇق ۋە ئىنچىكە تەھلىل قىلماي تۇرۇپلا «ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى بۇ يېڭى مەشغۇلات سىستېمىلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇش تەس» دەپ ئاسانلا بەل قويۇۋېتىپ ، ھەل قىلىش تەدبىرىنى يېزىق ئۆزگەرتىشكە يىغىنچاقلاپ قويسا بولمايدۇ . 1982 ـ يىلى كومپيۇتېر خەلقئارا ئۇچۇر تورى (INTERNET ) مەيدانغا كەلدى . هازىر بىزمۇ ئۇنىڭدىكى خالىغان ئۇچۇرلارنى بىلەلەيمىز . ئۇنىڭغا ئۇچۇر تارقىتالايمىز ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە كومپيۇتېر بىلىملىرىنى بىلىش ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاسىتە «چەت ئەل تىلى» نى بىلىش كېرەك ، ئەلۋەتتە . ئەگەر بىز لاتىن يېزىقىنى قوللانساق ، كومپيۇتېر تورى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدا ئۆز ئارا ئۇچۇر ئەۋەتىش ۋە قوبۇل قىلىش جەريانىدىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ئازراقلا ھەل قىلغان بولىمىز ، خالاس . لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن مىللىتىمىز دۇنياغا تونۇلۇپ قالمايدۇ . كومپيۇتېردا لاتىن يېزىقىنى قوللانغانلىق سەۋەبىدىن باشقىلارنىڭ بىلىمى بىزگە كۆچۈپ قالمايدۇ . ئۇچۇرلار تەرجىمە قىلىنىپ قالمايدۇ ، تەرەققىي قىلىش يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ، تىرىشچانلىقىمىزغا باغلىق ئىش . يېزىق ئۆزگەرتكەنلىك سەۋەبىدىن بىز ئىنگلىزلار تارقاتقان ئۇچۇرلارنى بىۋاسىتە بىلەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس . لاتىن يېزىقىنى قوللانغانلىق سەۋەبىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ بىزنىڭ بۇ يېزىقىمىزنى ئوقۇپ ، مەقسىتىمىزنى چۈشىنەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس . بۇ يېڭى لاتىن يېزىقىمىزنىڭ كومپيۇتېر سىستېمىلىرىغا نۇقسانسىز ماسلىشىشىنىڭ ئامىمغا كەلتۈرىدىغان پايدىسى ھەرگىزمۇ يېزىق ئۆزگەرتىش جەريانىدا تارتقان زىيىنىمىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرەلمەيدۇ .

يېزىق ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن كومپيۇتېرغا بولغان چۈشەنچىسى يۈزەكى ، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئاجىز ، بويسۇنۇش خاراكتېرى كۈچلۈك ۋە كومپيۇتېرنى «مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بىردىنبىر ۋاسىتە» دەپ قارايدىغان بىر قىسىم ئىقتىدارسىز ، ئىرادىسىز ۋە ئالدىراڭغۇ كىشىلىرىمىزدىن كېلىپ چىققان . يەنە كېلىپ تېخى هازىر ئۆزگەرتمەكچى بولغان لاتىن يېزىقىدا ئۇيغۇر 32 ھەرپىنى تولۇق ئىپادىلەپ ، «ھەربىر تاۋۇشقا بىردىن فونېما» قوللىنىش ساقلاپ قېلىنىشقا توغرا كەلسە ، يەنىلا كومپيۇتېردا ئۇ يېزىقنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن مەخسۇس پروگراممىا تۈزۈلۈشى ، يەنىلا ھەرپ ئىسكىلات ھۆججىتى قۇرۇش ، قاچىلاش ، ماسلاشتۇرۇش ، كونۇپكا ئارقىلىق بىۋاسىتە ئۆرۈپ كىرگۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ياردەمچى يۇمشاق دېتاللار تۈزۈلۈش ياكى تولۇقلىنىش كېرەك . ئۇنداق بولمىغاندا ئۇيغۇر 32 ھەرپىدىكى بەزى تاۋۇشلارنى چىقىرىپ تاشلاپ (ئىنگلىز يېزىقىدىكى 26 ھەرپتىنلا پايدىلىنىش توغرا كەلسە ) ، تاۋۇش سانىنى ئەڭ كۆپ بولغاندا 26 گە قىسقارتىشقا توغرا كېلىدۇ . ئەگەر لاتىن يېزىقىمىزدىكى ھەرپ سانى 26 دىن ئېشىپلا كەتسە ، كۆپلىگەن يۇمشاق دېتاللار بىلەن بىۋاسىتە ماسلاشماسلىق مەسىلىسى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ ياكى قوش ھەرپلەر كۆپ بولۇپ كېتىپ ، خىزمەت سەرپىياتى ئېشىپ كېتىدۇ . دېمەك ، ئۇيغۇر لاتىنچە يېزىقىنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىشنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئاۋارىچىلىقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى بار . لاتىن يېزىقى قوللانغاندىلا قىيىنچىلىق تۈگەپ قالمايدۇ .

ئىنگلىز يېزىقىغا ئوخشايدىغان ھەرپلەرنى تەقلىد قىلىپ ، ئۇنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزگەن بىلەنلا كومپيۇتېر ئارقىلىق دۇنيانى ساياھەت قىلىشقا ، ئالاقە ـ ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇشقا مۇمكىن بولۇپ كەتمەيدۇ ، بىزنىڭ كومپيۇتېر ئارقىلىق دۇنيانى ساياھەت قىلىشىمىزغا يېزىق ئەمەس ، تىل مەسىلىسى توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ ، ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان چەت ئەللەردىكى كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ تار دائىرىلىك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ . باشقا مىللەتلەر يېڭى يېزىقىمىزنى ئوقۇيالىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى بىلمەيدۇ . دېمەك ، يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر بىلەن بولغان ئۇچۇر ئالاقىگە نىسبەتەن كۆپ پايدىسى يوق . ئۇ پەقەت ئۆز مىللىتىمىز ئىچىدىكى ئۇچۇر ئالاقىدىلا رول ئوينىيالايدۇ .

بۇ يېزىق مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، مىللىتىمىز كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال لايىھىلىگۈچىلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر 32 ھەرپىنىڭ بارلىق شەكىللىرى ۋە مەتبۇئاتتا كۆپ قوللىنىلىدىغان بارلىق بەلگىلەرنى يىغىنچاقلاپ، كومپيۇتېرنىڭ ھەر خىل مەشغۇلات سىستېمىلىرىدا ئوخشاشلا ئىناۋەتلىك بولغان «خەلقئارادا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن كومپيۇتېر سىستېمىلىرى كودسىز (مەخسۇس پروگراممىسى ھاجەتسىز بولغان) ھەرپ ـ بەلگىلەر جەدۋىلى (UNICODE)» خەت ئىسكىلاتىدىن پايدىلىنىپ، مۇستەقىل بىر يېزىق قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىشى ۋە خەلقئارا ئۆلچەملەشتۈرۈش جەمئىيىتى ISO نىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشكەن يېزىق شەكلى بويىچە بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك. گەرچە ھازىر خەلقئارا ئىنتېرنېتوردا ھەر كىم يېزىقنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە قوللىنىپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى ۋە ياكى يېڭى يېزىقنى ئىشلىتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزئارا بىرلىك بولمىغاچقا، لاتىن يېزىقىتىكى ئوخشىمىغان بىرلىك بويىچە تۈزۈلگەن تور بەتلەرنى زىيارەت قىلغاندا «شۇ بەتتىكى يېزىق شەكلىنى ئىگىلەپ ساۋات چىقىرىش»، كونا يېزىقىدىكى ئوخشىمىغان بەتتىكى ئۇيغۇرچە ئۇچۇرلارنى كۆرۈش ئۈچۈن «شۇ بەتتىكى يېزىقىقا ماس كېلىدىغان خەت نۇسخىسىنى چوقۇم قاچىلاش» تەك بىر خىل ئاۋارىچىلىق ھەم ئارتۇقچە بولغان شەكىل قوللىنىلىۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق ئۇسۇلنى سودا خاراكتېرىنى ئالغان تورخانا ئىجارىكەشلىرىنىڭ كومپيۇتېرلىرىدا خالىغانچە قوللانغىلى بولمايدۇ، بەلگىلىك كومپيۇتېر مەشغۇلات قائىدىسىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ تولىمۇ ئاۋارىچىلىق ئىش. مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىز ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە بىر تۈرلۈك تېخنىكىلىق بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىقنى مۇكەممەل ھەم مۇستەقىل ئورنىغا ئىگە، لاياقەتلىك يېزىق سۈپىتىدە ھەرقانداق كومپيۇتېر سىستېمىسىغا تولۇق ماسلىشالايدىغان، 70 تىن ئارتۇق مىللەتنىڭ يېزىقىدىكى خەت شەكىللىرى توپلانغان UNICODE ھەرپ ئىسكىلاتىدا كۆرسىتىلگەن ئورنىدىن پايدىلىنىش ۋە تېخنىك خادىملارنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ئامېرىكا مىكروسوفت شىركىتىنىڭ Windows تۈرىدىكى مەشغۇلات سىستېمىلىرىنىڭ كېيىنكى نەشرلىرىگە بۇ ئۇيغۇرچە ئىقتىدارلارنىڭ قوشۇلۇپ نەشر قىلىنىش سەۋىيىسىگە يېتىشىنى، ھەرقانداق مەتبۇئاتتا مۇكەممەل ئىشلەتكىلى بولىدىغان كىرگۈزۈش شەكلىنى تۈزۈپ چىقىشنى كۈتۈشىمىز، قوللىشىمىز ۋە تېخنىكىلىق ھەمكارلىق ئورنىتالىشىمىز كېرەك. ھازىر ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن Windows نىڭ بەزى تېخنىكىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىنتېر توردا ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا بېكەت قۇرۇپ ئۇچۇر يوللاش، ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا ئېلېكترونلۇق پوچتا خەت ئەۋەتىش ۋە كومپيۇتېر ئىشخانا ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان «مىكروسوفت ئىشخانا ئىشلىرى سىستېمىسى — Microsoft Office2000» دەك ئىلغار يۇمشاق دېتاللاردا ئۇيغۇر كونا يېزىقى بىرتەرەپ قىلىش ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئۇسۇل مۇكەممەل ھەم مۇستەقىل ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، بىۋاسىتە ئېچىپلا پايدىلانغىلى بولمايدۇ. مەتبۇئات ئىشلىرىدا كەڭ قوللىنىشچانلىقا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭدىكى ھەرپ ئورنىمۇ تېخى رايونىمىز تەۋەسىدە ئۆزئارا بىرلىككە كەلگىنى يوق. ئۇ پەقەت ئەرەبچە يېزىق ئورنىنىڭ ۋە بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنىڭ ئازراق ئۆزگەرتىلىپ، ۋاقىتىنچە ئۇيغۇر يېزىقى قاتارىدا پايدىلىنىپ تۇرالىشى، خالاس. گەرچە، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «كومپيۇتېر سىستېمىلىرى خەلقئارا كودسىز ھەرپ ـ بەلگىلەر جەدۋىلى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئورگىنى» ئېلان قىلغان ئەڭ يېڭى نۇسخا (UNICODE Table3. 0) دا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى بىرنەچچە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقلىرىغا (ئۇيغۇر يېزىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولسىمۇ (مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى http://www. unicode. org تور بېتىدىن كۆرۈۋېلىڭ) لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كومپيۇتېر ئىشلىرىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تېخنىكىلىق مەسىلىلەردە «بىرلىككە كەلگەن بويىچە ئىش كۆرۈش» توغرىسىدا بۇيرۇق، تەشۋىقات ياكى بەلگىلىمىلەر بولمىغاچقا، خەلقئارا ئىنتېرنېتورىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرقايسى ئورۇن ۋە شەخسلەر ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، ئىنتېرنېتورى ئۇيغۇر يېزىقىتىكى ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ۋە پايدىلىنىش مەلۇم دەرىجىدە قۇلايسىزلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، بۇ قۇلايسىزلىقلار كومپيۇتېر تور ئىشلەتكۈچىلىرىگە نىسبەتەن «يېزىق ئۆزگەرتىش تەقەززاسى» نى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى كومپيۇتېر سىستېمىسىدا مۇستەقىل ئورنىغا ئىگە قىلىش جەريانىدىكى بۇ خىل بىر مەزگىللىك تىرىشچانلىقتىن ئۆزىمىزنى تارتىپ ۋە ياكى كېلىپ چىققان بۇ قۇلايسىزلىقلارنىڭ سەۋەبىنى تولۇق تەھلىل قىلماي تۇرۇپ، ئالدىراقسانلىق بىلەن بىردىنلا «يېزىق ئۆزگەرتىش» ئويىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنتايىن ئەخمەقانىلىق.

كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئەخمەقانە پىكىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىش دەرسلىرىنى تەسىس قىلىش، قوش تىل ئۆگىنىش، كۆپ تىللىق بولۇش، كومپيۇتېر دەرسىنى تەسىس قىلىش ۋە ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش يۈزىلىشىدە بىز مەزگىل مېڭىشىمىز لازىم. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش، زامانىۋى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى كۆپەيتىش ۋە ئاسراش، ئوقۇتقۇچىلارنى تولۇقلاش، يالغۇز شەھەر مەكتەپلىرى ئەمەس، بەلكى يېزا ـ قىشلاق مەكتەپلىرىنىمۇ ياخشى شارائىت

بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز لازىم. بۇنى يىلمۇ يىل ياخشىلىشىمىز، بارلىق كۈچىمىزنى ۋە زېھنىمىزنى پەقەت شۇنىڭغىلا سەرپ قىلىشىمىز لازىم.

ۋاقتى كەلگەندە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، يېزىق ھەر مىللەت تىلىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى. سۆزنىڭ قەغەز يۈزىدىكى ئىپادىلىنىش بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىك، ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەتلەرگە ئىگە، ئۇنى ياخشى ئىگىلەش ۋە قوللىنىش شۇ مىللەت يېزىقىنىڭ سۈپىتى، سەۋىيىسى ھەمدە شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. گېزىت - ژۇرناللىرىمىز يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش. ئىملا قائىدىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردە ئالىملىرىمىز، تىلشۇناس، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ يېزىقىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇش يولىدىكى ئەمگەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمگەك قىلغان بولسىمۇ تېخى كەڭ ئاممىا ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتلىنىپ كەتمىدى. تېخى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يېزىقىدىكى لەۋلەشكەن تۆت سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرى ئومۇملاشماي، يېڭى ئاتالغۇلار، بىرىككەن سۆزلەر ۋە جۈپ سۆزلەر تەلەپ بويىچە يېزىلماي، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى كىشىلەر چۈشىنەلمەي، قوللانماي، ئەكسىچە، سەت، بەدبەشىرە خەتلەرنى يېغىشلىماي، تەبرىك سۆز قىلىپ يېزىپ، ئېلان قىلىنىۋاتقان تىل يېزىقنى «مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۆھەرلىرىدىن بىرى»، «خەلقىمىزنىڭ شان - شەرىپى»، «بىر شەخسنىڭ ئابرۇيى» دەپ قارىمايدىغان، خەت ئىملانىڭ سۈپىتى، چىرايلىقلىقى، كۆركەملىكىگە ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان، سەت، خاتا خەتلەر بىلەن يېزىلغان ئېلان - تەشۋىقات ۋاراقلىرى. لوزۇنكا، خەت تاختىلار، ماركا، ھۆججەت - ماتېرىياللار يامراپ كەتكەن، ئەمەلىيەتتە ھېچكىم ئۇنىڭغا مەسئۇل بولمايدىغان روھىي ھالەت ئاستىدا ھازىر قوللىنىۋاتقان يېزىقنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتىنى يوق ھەم يېزىق ئۆزگەرتىشكە ھازىرلانغان ئوبيېكتىپ شارائىتىمۇ يوق. جۈملىدىن ئون يىللىق مالىمانچىلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مائارىپتىن، ئوقۇشتىن، مەكتەپتىن زېرىككەنلىك روھىي ھالىتىنىڭ تەسىرىدىن ئازاد بولالماي قېلىۋاتقان ئەھۋالدا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ رايى يېزىق ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەگەر ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئالماي، بەلكى بىرقانچە كىشى پەيدا قىلغان «ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر تەسەۋۋۇرلار» نىڭ تەسىراتىغا ئالدىنىپ. كەڭ ئاممىنىڭ رايىغا باقماي. خۇددى 1960 - يىللاردىكىگە ئوخشاش بىر خىل يېزىقنى تۇيۇقسىز ئىنكار قىلىپ، يېڭى يېزىقنى قوللىنىشتەك «مەدەنىي مائارىپتىكى سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئەخمەقلىقى يولغا قويۇلسا، مەدەنىي مائارىپ ۋە خەلقنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئىلگىرىكىدىنمۇ ناچار، يامان ئاقىۋەت مەيدانغا كېلىپ، ئۇنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى، ئىچكى - تاشقى تەسىرىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى، ئەخلاق قارىشى، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلىرىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ساقلاپ قېلىش يولىدا مېڭىۋاتىدۇ. ئۇلار دۇنياۋى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئالدىدا ھەرگىز ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى يوق قىلىۋەتمىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كومپيۇتېر بولسۇن ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈمەن كەشپىياتلار بولسۇن، ئۇلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى، ئىنسان ئەقلىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىنىۋاتىدۇ، ھەرگىزمۇ ئىنسانىيەت، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىگە كومپيۇتېرغا قاراپ تەق - تۇرقىنى ئۆزگەرتكىنى يوق.

كەڭ ئالىملىرىمىز، تىلشۇناس، مۇتەخەسسىسلىرىمىز، مۇئەللىم - دوكتورلىرىمىز، تېخنىكا - كەشپىياتچىلىرىمىز مىللىتىمىزنىڭ پەخرى ھەم غۇرۇرى. ئۇلارنىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەلقىمىزنىڭ ماددىي - مەنىۋى ھاياتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ. تۆھپە قانچە كۆپ بولغانسېرى شەرەپمۇ شۇنچە چوڭ بولۇۋاتىدۇ. لېكىن ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەرمۇ ھامان بىر خەلققە، بىر مىللەتكە، بىر ۋەتەنگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرى ھامان ئۇنى يېتىشتۈرگەن خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. خەلقنىڭ بەختى، گۈللىنىشى ئۇنىڭ بەختى بولۇپ، ئۇنىڭ خاراب بولۇشى ۋە ئاۋارىچىلىق ، ئازاب - كۈلپەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا يۈرەك جاراھىتىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىم - قابىلىيەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتى خەلقنىڭ ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى، سۆيۈشى ۋە پەخىرلىنىشى. ئۇلارنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئويلاش، ئۇنىڭغا قايغۇرۇشتەك ئىنسانىي ھېسلىرىغا توغرا تاناسىپ بولىدۇ. ئۇلار باش چۆكۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ساھەلىرى بويىچە خەلققە، ئەۋلادلارغا، كەلگۈسىگە بەخت يارىتىش ئۈچۈن بارلىق ئەقىل - پاراسەتلىرىنى، زېھنىي كۈچىنى، قابىلىيەتلىرىنى خالىسانە تۆھپە قىلىشى، ھەرگىزمۇ بەزى تەسىرات، ئىلھام، قايناق ھېسسىياتلىرىنى كەڭ ئاممىغا تېڭىپ، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى ئۈچۈن بىر قىسىم ھاجەتسىز ئاۋارىچىلىقلارنى تېپىپ بەرمەسلىكى، زاماندىن، ئاممىدىن ئايرىلغان خام خىياللاردا بولماسلىقى لازىم. بارلىق كۈچىمىزنى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، تۇرمۇش ساپاسى، تىل - يېزىق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بېغىشلىشىمىز ۋە بۇ جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم.

**مۇئەللىپ: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ داڭلىق ئوقۇتقۇچىسى**

# 新疆社科论坛（维吾尔文 版）

## 新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

2001 年第 3 期　　（总第 51 期）


# 主要目录


新世纪、科学与生活 ........ 本刊评论员 1

**政治理论**

自治区社科联第三次代表大会上的讲话 ........ S. 铁力瓦尔地 2

**哲学、经济**

偏面性是人生的障碍物 ........ M. 努尔 11

超越意识与超越之歌 ........ M. 阿布都热合曼 13

贫穷是悲剧之源 ........ H. 阿吾提 16

**学者，学说**

《突厥语大辞典》是维吾尔文化的总目录 ........ A. 热合曼 18

穆罕木德喀什噶尔的生涯 ........ M. 塔什尔 25

**教育，文化**

大学生的修养 ........ M. 艾明 31

**经典著作，经典音乐**

人生的教训 ........ J. 艾库罗 33

纳瓦依生评及其创作的论辨 ........ H. 乌斯曼 44

**历史，考古**

北疆人头石像 ........ J. 吉里勒 49

N. f. 彼德罗维斯克是外交家，维吾尔学家 ........ 艾沙库夫 52

社科信息 ........ K. 苏皮 53

**语言文学、新闻出版**

改革维吾年尔字目是真的《时代需求》吗? ........ T. 依布拉音 56



ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ بىرى. بۇ پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، كلاسسىك ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا، دىن، ئەخلاق، پسىخولوگىيە، ئىجادىيەتشۇناسلىق، ساپا مائارىپى، ئۇتۇقشۇناسلىق، تالانت پەنلىرى بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان، كۆندىلىك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان يېڭى كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىچچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان بىلىم مۇنبىرى. بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى ئالىملاردىن تەركىب تاپقان. ئۇلار ئادەمنىڭ ساپا - سۈپەت كامالىتىنى نىشان قىلغان ھالدا سىزنى دانايى - دانىشمەنلەر، پىرى - ئۇستازلار، ھەقىقانىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پسىخولوگلار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەددىڭىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا ئەسقاتىدىغان ھەقىقەتلەرنى ئىگىلەپ ئېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. سىزنىڭ بۇ ژۇرنالنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ بېقىپ ئاندىن دەنا پىكىرلىرىڭىزنى ۋە نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى ئەۋەرتىپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز!

ئادرېسى : ئۈرۈمچى ئالتۇن يولى ئاخباراتچىلار سارىيى 9 ـ قەۋەت «مۇنبەر» تەھرىراتى
دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN65 - 1147 پوچتا نومۇرى 830002
مۇشتىرى قوبۇل قىلىش نومۇرى :136 - 58 تېلېفون: 2882273 يەككە باھاسى : 4.00 يۈەن